# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

## 新疆社会科学

1981 تۇنجى سان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

1981 — يىل تۇنجى سان

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى

# مۇندەرىجە

ژورنىلىمىزنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما ...... ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى (1)
مېنىڭ ئۈمىدىم ...... بۇرھان شەھىدى (3)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... خەن جىڭساۋ (5)
جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرۈش ...... تۆمۈر داۋامەت (14)
دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلق ئىگىلىكىدە بولغان تەرەققىيات ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار ...... شۆي دېشىن (39)
ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرايلى ...... جياڭ مۇجۇ (64)
(ئىسمايىل تۆمۈر تەرجىمىسى)
شىنجاڭ ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ...... جى شيەنلىن (79)
(روزى تۇردى تەرجىمىسى)
تارىخ تەتقىقاتىدا مىللىي مەسىلىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدا ...... گوباۋ (90)
(ئابدۇللا مەھەممەت تەرجىمىسى)
چىڭگىزخان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ...... ۋاڭ جىزلەي (105)
(روزى تۇردى تەرجىمىسى)
شىنجاڭنىڭ جۇڭغارلانما قۇرۇلمىسى ۋە جۇڭغارلانما ئۈنۈمى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە ...... جۇ جۈچۈن (116)
(ئابدۇللا مەھەممەت تەرجىمىسى)
قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى توغرىسىدا ...... ئابدىرېھىم ئۆتكۈر (135)



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى يولداش ۋاڭجېن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى يولداش گۇباۋنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك دوكلادىنى ئاڭلاپ، مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

www.uyghurkitap.com



«ياپونىيە چەتئەل ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى» 1980 - يىل 9 - ئايدا، شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە - زىيارەتكە كەلگەندە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. سۈرەتتە: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى چەتئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۈجى مىن (ئوتتۇردا) ۋە ئاكادېمىيىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خېداۋىن (سولدىن 2 -)، مەھەممەتئىمىن يۇسۇپ (سولدىن 1 -) لەر مۇشۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقى، ياپونىيە قەلەم ئەھلىلىرى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى گاۋ چاۋ جەنئەر ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەكتە.

www.uyghurkitap.com

# ژورنىلىمىزنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما

ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى

بىز ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان سوتسىيالىزم ماددى بايلىقلارنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائى پەن خادىملىرى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ بىۋاستە ئاچقۇچلىرى، ئىزدەنگۈچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرىدۇر. بىزنىڭ ۋەتەنگە ۋە خەلققە قوشىدىغان توھپىمىز مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇۋسسەدۇر. ژورنىلىمىز ئىجتىمائى پەن توغرىسىدىكى مەجمۇئە بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بارچە گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇرىدىغان بىر گۈلزارلىق بولۇپ قېلىشى لازىم.

" مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى " دىكى ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئىجتىمائى پەن ساھەسى ئەسكەنجىگە ئېلىنىپ، ھەممە بۇرۇقتۇرما ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان؛ ئىجتىمائى پەنلەر گۈلزارلىقى دەپسەندە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەممە گۈللىرى توزۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ھەرقانداق بىر زور تارىخىي بالايى ـ ئاپەتنىڭ زىيىنىنىڭ ئورنى تارىخ تەرەققىياتى تەرىپىدىن تولدۇرۇلماي قالمايدۇ» پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى سولچىل خاتالىقنى تۈزىتىشكە كىرىشتى، پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى. بىز ھازىر تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تولدۇرۇش جەريانىدا تۇرماقتىمىز. «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى مانا شۇنداق باھار نۇرى چاقناپ تۇرغان ياخشى ۋەزىيەتتە دۇنياغا كەلدى.

«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئۈنۋېرسال خاراكتېرلىق پەسىللىك ژورنال، ئۇ شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائى پەن جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتى بىلەن ئىلمى ئالماشتۇرۇش، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائى پەننى ئۆزلۈكسىز گۈللەندۈرۈشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بۇيەر پۈتۈن پەننىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى قەتئىي بوشاشماي تەشۋىق قىلدى، ماركسىزملىق بىلىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇردى؛

«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن سىياسىي لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلدى؛

«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي جەھەتتىكى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىلمىي مەسىلىدە ھەر ئۆز تەتقىقات ساھەسىدە ئىدىيىسىنى ئازات قىلىپ، چەكلەنگەن رايونلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ماقالا يېزىش، قەلەم تەۋرىتىپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش ھوقۇقى بار ھەقلىق. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان يەكۈن قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق.

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنداقلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شۇڭلاشقا، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلىرىنى تىرىشىپ قېزىپ چىقىردى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى پائال سورەتتە ئەكس ئەتتۈردى. ئازسانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ گۈزەل، شانلىق نۇر چاچتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتتى.

بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، جىددىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن راستانلىقنى ئىزلەش روھى، ئېھتىياتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىلمىي تەتقىق قىلىش پوزىتسىيىسى، ئاددىي - ساددا، پۇختا ئۆگىنىش ئىستىلىدە چىڭ تۇرىمىز. قارىغۇلارچە ئىشىنىشنى، قۇرۇق دەبدەبىلەرگە بېرىلىشنى تۈگىتىپ، ئۆزەمچىلىك قىلىشقا قارشى تۇرىمىز، ئىلمىي جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدە تەڭ - باراۋەرلىك ئاساسىدا. يولداشلارچە كېڭىشىش ۋە ئىزدىنىشنى، تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىز يولداش جۇ ئېنلەينىڭ: «پاكىتتا سادىق بولغاندىلا، ھەقىقەتكە سادىق بولغىلى بولىدۇ!» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېسىمىزدە ساقلايمىز.

«چىداپ بارچە مۇشەققەتكە، يېتەمەن چوقۇم ھەقىقەتكە» دەيدىغان جەسۇرانە غەيرەت بىلەن، 3 - ئومۇمىي يىغىن لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ،

# مېنىڭ ئۈمىدىم

## «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىغىنى تەبرىكلەيمەن

بۇرھان شەھىدى

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇ ژۇرنالنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر تۈنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق ئىلمىي باغچىسىغا ئىگە بولدى. بىزنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بۇ باغچىنى گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - قابىلىيىتىنى تەقدىم قىلالايدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىدا شىنجاڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، مەملىكىتىمىز ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، خەلقارادىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىرگە ئىگە. قەدىمقى زامانلاردا، «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان شىنجاڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن چەتئەل مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. شىنجاڭ — يېرى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن ھەم كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر جاي. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ھەمدە تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، دىنىي ئېتىقات، ئۆرپ - ئادەتلىرى باي ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مول مەزمۇنلارنى قوشقان. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، بەزى مىللەتلەر چېگرا ئاتلاپ ئورۇنلاشقان. شۇڭا شىنجاڭنىڭ رايون تارىخى، مىللەتلەر تارىخى ھەمدە تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، مىللەت، دىن ئارخېئولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن تەتقىقاتى

دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تۆھپە قىلايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان خەلقارا خاراكتېرلىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالغان. بۇ قۇردا ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، زومىگەرلىككە قارشى كۈرەشنىڭمۇ ئېھتىياجىدۇر. بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

19 - ئەسىردىن بۇيان، بىرمۇنچە جاھانگىر دۆلەتلەر تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە شىنجاڭغا چاڭ سېلىپ، ئوغرىلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە مۇھىم ماتېرىياللارنى بۇلاپ ئېپقېچىپ كەتكەن. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلار چىرىك ۋە ئىقتىدارسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرمىغان، ئاز سانلىق مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تېخىمۇ ئاز ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، ھەر مىللەت پەن تەتقىقات قوشۇنى قەدەممۇ - قەدەم راۋاجلاندى، بۇ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى غەلىبىسى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا: «سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش - كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇشۇ تەلىپىگە بىنائەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى تېرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن تەتقىقات خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدە يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا جەزمەن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن بەختلىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلماقتىمەن. شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، پىشقەدەم مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بەس - بەس بىلەن «بولىپ» ① بولۇپ، ئارقىدا قالغانلارنى قولتۇقلاپ، بەرپا بولغان پەن تەتقىقات قوشۇنىمىزنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشنى، باشلانغان ئىشلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىت قىلىمەن.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن باغچىسىدا چاقناپ تۇرغان بىر چىرايلىق گۈل بولۇپ قېلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

---

① بولىپ — جۇڭگونىڭ قەدىمقى رىۋايەتلىرىدە ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشتىن زېرىكمەيدىغان شەخس. — ت

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

1981 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

خەن جىنساۋ

يولداشلار:

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بولتۇر 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىنچ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت زور فاڭجېننى ئىزچىل ئىجرا قىلىشۋاتقان ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نامىدىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بارلىق پەن تەتقىقات خادىملىرى، ۋە خىزمەتچى خادىملارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن سېپىدىكى يولداشلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 1978 يىلى 9 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئاكادېمىيە قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان، تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، تەتقىقات قوشۇنىنى كېڭەيتىش، پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، ئاكادېمىيىنى رەسمىي قۇرۇشقا ئوبدان ئاساس ياراتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى رەسمىي قۇرۇشنى قارار قىلدى. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بارلىق يولداشلار ئاپتونوم رايونلۇق

www.uyghurkitap.com

پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، چاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇشكە چوقۇم يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

ماركسىزمچە ئىجتىمائىي پەن — تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. پارتىيىمىز ئىجتىمائىي پەنگە ئىزچىل يوسۇندا ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ كەلدى. بىز ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىر يۈكسەك دېموكراتىيىگە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇۋاتىمىز، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى. پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز قاچان ماركسىزم ئېچىپ بەرگەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان ۋە شۇ ئاساستا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان بولساق، شۇچاغدا بىزنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز غەلىبە قازىنىدۇ، راۋاجلىنىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە شۇنداق بولغان ئىدى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇ ھەممىگە ئايان بولغان، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان پاكىت، ئۇنى ھېچقانداق كىشى يوققا چىقىرالمايدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدۇق، موللاق ئاتتۇق، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىز ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەسىلە زادى قەيەردە؟ بەزى ۋاقىتلاردا، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي پەندىكى تۈپ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن چەتنەپ كەتتى ياكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلدى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ بولغان خاتا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ چوڭقۇر تەجرىبە-ئاچچىق ساۋاقنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، توغرى ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى

بەلگىلىدۇق، بىر قاتار توغرى فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، پارتىيىمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ پىششىپ يېتىلدى، تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلالايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئۇلۇغۋار ۋە مۇشەققەتلىك ئىش. قانداق قىلىپ جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىنى ئېچىشتا، تېخى بىلىۋېلىنمىغان خېلى چوڭ مۇقەررەرلىك ئالىمى بار، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەن بىر-بىرىگە سىڭىشىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىدۇ، بۇ، بارغانسېرى نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىن يېڭىچە يىغىنچاقلىشىمىزغا ۋە ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىجتىمائىي پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىز بۇنى چوڭقۇر سەگەكلىك بىلەن ئېنىق تونۇشىمىز لازىم.

ھازىر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر، دىن، ئارخېئولوگىيە، تىل، مىللەتلەر ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىقتىسات تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق يەتتە تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەسىس قىلدى (شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، پەلسەپە تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق باشقا تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىمۇ تەسىس قىلىدۇ)، بۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا زور رول ئوينايدۇ.

مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خاراكتېرى ھەم ۋەزىپىسى ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارمىقى ئەمەس، ئۇ بىر ئاممىۋى تەتقىقات ئورگىنى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ (ئۇنىڭ كۈندىلىك كەسپىي ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرىدۇ)؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭمۇ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ، پەيدىن-پەي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈكى ھەم ۋاستىسىغا ئايلىنىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى مۇھىم ياردەمچىسىگە ئايلىنىشى لازىم. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇنى مەمۇرى ئورگان قىلىپ قۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

www.uyghurkitap.com

پەن تەتقىقاتنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشى، كەڭ پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە پەن تەتقىقات ياردەمچى خادىملىرىنى تەشكىللەپ، پۇختا، سىستېمىلىق، ئىجادىي ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشى، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قانۇنىيەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. لېكىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ كىتاپ ئوقۇيدىغان، مەددالىق قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇق گەپ ساتىدىغان مەدرىسىلەرچە تەتقىقات ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى دۆلىتىمىزۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشى شۇنىڭدەك ئۇنى شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىگى ۋە مىللىي خۇسۇسىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى بەلگىلىشىگە تولۇق ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە تۈزۈپ چىققان فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى جەھەتتىن شەرھىلىشى ۋە تەشۋىق قىلىشى لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىز ھەممە تەتقىقات تۈرلىرى، تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى، سىياسىي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىشىنىلا تەلەپ قىلىپ، ئارخېئولوگىيە، قەدىمقى مىللەتلەر ئەدەبىياتى، قەدىمقى مىللەتلەر تىلى قاتارلىق باشقا بىر قىسىم ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتلىرىغا سەل قارىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭدا ئىنتايىن مول قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يارقىن بولغان قەدىمىي مەدەنىي مىراسلىرى بار. بۇلارنى تەتقىق قىلىش ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشىدۇ.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھازىر ئىجتىمائىي پەنلەر جەھەتتە: پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتى، تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى، ئىقتىساتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى تەتقىقات جەمئىيىتى، مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، پۇل- مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، پېداگوگىكا ئىلمىي جەمئىيىتى، تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى، لوگىكا تەتقىقات جەمئىيىتى، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقات جەمئىيىتى، كېلىچەكشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى (كېلىچەكشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەنگىمۇ، تەبىئىي پەنگىمۇ تەئەللۇق) قاتارلىق 17 ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلدى (بۇندىن كېيىن يەنە كۆپىيىدۇ). بۇ ئىلمىي جەمئىيەتلەر ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئىلمىي تەشكىلاتى،

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى تېخى قۇرۇلمىغان ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى ئۆتەپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى ئاكتىپ قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى، ھەر قايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى — ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئورگان، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى بازىسى، لېكىن، ئىجتىمائىي پەنلەر نەزەرىيىسى جەھەتتىكى بازا پەقەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىلا ئەمەس، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋى، كادىرلار مەكتىۋى، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك پاكۇلتېتلىرى، ماركسىزم - لېنىنىزم كابىنېتلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە شىنجاڭ كېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە بازىسى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ تارماقلار ۋە شۇ يەردىكى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بىلەن خىزمەتتە زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى، ئۇلاردىن ئۆگىنىشى، خىزمەتتە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى، ئۇلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىشلىشى كېرەك.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ھەرقايسى تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئەمەلىي خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ياردەم بېرىشىنى، ئۇنى قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە تەلەپ قىلىمىز. نەزەرىيە خادىملىرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت خادىملىرى ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، ئۆز-ئارا ئۆگەنگەندىلا ئاندىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورگىنى. بىز شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ياردىمىگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن تەشەببۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېتەكچىلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھەر قايسى تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى ۋە مەملىكەت

خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى دائىم ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ئۆز كەسپى بويىچە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئادەم قاتناشتۇرۇپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىدىغان، كەسپىي بىلىم ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان يېتەرلىك ساندىكى ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە قوشۇنىنى تىرىشىپ تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتمىشى! بۇ قوشۇننىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە كەسپىي تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەش، ئىلمىي جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. داشۆبىنى پۈتتۈرگەنلەر بولسۇن ياكى ئۆز لىگىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىشكەنلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلمىي سەۋىيىسىگە قاراپ ئىشقا قويۇش لازىم. ياش ۋە ھەقىقىي ئىقتىدارى بار بولغان ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ھازىر شىنجاڭدا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆمۈپ قويىدىغان ئەھۋال خېلى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى تېزدىن ھەل قىلىشى لازىم. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ئۈچۈن، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. شىنجاڭ ئازسانلىق-مىللەتلەر رايونى، قوشۇن قۇرۇلۇشىدا ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا سېلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى داۋاملىق ئەمەللەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش لازىم.

ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئىنتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە قوشۇنىنى قۇرۇشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە. مەيلى مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرى بولسۇن ياكى ئىشتىن سىرتقى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بولسۇن، مەيلى ياشانغان ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بولسۇن، مەيلى خەنزۇ ئىجتىمائىي

پەن خادىملىرى بولسۇن ياكى ئازسانلىق مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بولسۇن، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى لازىم. پېشقەدەم ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى زېرىكمەي ئۆگىتىش روھى بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى پېشقەدەم ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم. پەن ھەقىقىي چىن نەرسە، ئىلىمنىڭ چېكى يوق، مەلۇماتنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ياشقىلا باغلىق ئەمەس، بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ، ئۇستازلار بىلەن شاگىرتلار ئۈچۈن ئوخشاشلا شەرەپلىك. بىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ۋەزىپىسىنى بىرلىكتە ئورۇنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىجتىمائىي پەن - پارتىيىۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك پەن. ھەقىقىي نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم توغرى يېتەكچى ئىدىيەۋە توغرى سىياسىي يۆنىلىش بولۇشى كېرەك. بارلىق ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ماركسىزم - لېنىنىزمۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆگىنىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرى ئىگىلەپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كەشىپ قىلغىلى، ئىجات قىلغىلى، ئالغا باسقىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى 4 ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ بولغان خاھىشلارغا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا تاقابىل تۇرۇشى، قارشى تۇرۇشى، 4 ئاساسىي پرىنسىپنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشتا نەمۇنە بولۇشى لازىم.

بىز 3 — ئومۇمىيغىندا بەلگىلەنگەن ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ,,سول,,چىل ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىنى ئازات قىلىشىمىز، پەنگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. تەتقىقات خىزمىتىدە ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن - بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، يۇقۇرىنىڭ دېگەنلىرىگە ۋە كىتابقىلا ئاساسلىنىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ — تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كېلىپ چىققان زور مەسىلىلەرنى تىرىشىپ پايقىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغاندا، سۇبيېكتىپچىلىق، بىر تەرەپلىمىلىك قىلغاندا كونىلىققا يېپىشىۋالغاندا، ھېچقانداق نەتىجە ياراتقىلى بولمايدۇ.

4. ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، بارچە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشنى يولغا قويۇش -- پارتىيىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس فاڭجېنى. ئىلمىي تەتقىقاتتا دېموكراتىك كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئوخشاش بولمىغان ئېقىم، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئەركىن مۇزاكىرە قىلىشى ۋە سايرىشىغا يول قويۇش كېرەك. ھەرگىز بىرلا ئېقىمنىڭ سۆزىنى ئۆلچەم قىلىۋالماسلىق لازىم. ئىلىم - پەندىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار توغرىسىدا دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر تونۇشنى بىر مەزگىلگىچە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمىسا، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆز پىكرىدە قېلىشىغا يول قويۇش، بىر خىل پىكىرنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭماسلىق كېرەك. ئەگەر پارتىيىنىڭ نەزەرىيە، فاڭجېن، ۋە سىياسەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلىلەردە، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولىدىكەن، ئىچكى قىسىمدا مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويۇلىدۇ. لېكىن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئىچ بىلەن سىرتنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك، گېزىت - ژۇناللاردا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان پىكىرلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىشقا بولمايدۇ. ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرگە قائىدە ئارقىلىق رەددىيە بېرىش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى (جۇملىدىن ئۇنىڭ ھەر قايسى تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى) ئورگان قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشى، ئىلىم ۋە خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمىتى پەن تەتقىقاتنى مەركەز قىلىدۇ، ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى نەتىجە يارىتىش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرى ئىخچام بولۇشى، خادىملىرى خىل بولۇشى، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى ئادەم ئىشتىن كۆپ بولغان، كېلەڭسىز، چۇۋالچاق، بيۇروكرات ئاپپاراتقا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق، ئۇنىڭدا ئىشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قويىدىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان، سورەلمىلىك قىلىدىغان، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى ئوستۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ خىزمىتىدە پىلان، تەرتىپ، مەسئۇلىيەت، تەكشۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش بولۇشى لازىم. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كىتاب ئوقۇش كەيپىياتى، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش كەيپىياتى، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش كەيپىياتى ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە باراۋەرلىك ئاساسىدا مەسلىھەتلىشىش كەيپىياتىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭدا قويۇق ئىلمىي تەتقىقات ھاۋاسى بولۇشى لازىم. زۆرۈرىيىتى بولمىغان يىغىن ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئازايتىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئالتىدىن بەش قىسىم ۋاقتىنى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كىتاب - ماتېرىيال، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ئارقا سەپ

تەمىنات خىزمىتى خادىملىرى ئىخلاس بىلەن پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. پەن تەتقىقات خادىملىرىمۇ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىگە يول قويۇشى، ئۆز - ئارا ئوبدان ئىتتىپاقلىشى كېرەك. ھازىر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى تېخى بەك ناچار، بۇنى پەيدىن - پەي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، پۈتۈن ئاكادېمىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئىستىلىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار! شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى زور ئىش. پارتىيە ۋە خەلق بىزنىڭ ئۆز خىزمىتىمىزدە تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئوبدان نەتىجە يارىتىشىمىزنى كۈتمەكتە. مەن مۇشۇنداق قىلالايدىغانلىقىمىزغا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. پۈتۈن ئاكادېمىيىدىكى يولداشلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلايلى!

www.uyghurkitap.com

# جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرۈش

تۇمۇر داۋامەت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئادەت بويىچە «جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرى ئەڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 79.4 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. يېقىندا مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى ئورگىنىدىكى بەزى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن، چارقىلىق ناھىيىلىرىدىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى بويلاپ، كۈنلۈن تېغىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگىچە باردىم. 27 ناھىيە، شەھەرنى ئايلىنىپ، 7 مىڭ كىلو مېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرى، ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بىر نۆۋەت تەكشۈرۈپ كۆردۈم. تەكشۈرۈش جەريانىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن تاشقىرى، يول ئۈستىدە، ئېتىزلىقلاردا، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا، يېزا-مەھەللىلەردە، كىگىز ئۆيلەردە، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يۈز قېتىمدىن كۆپرەك سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق، 4-5 يۈز ئائىلىلىك گوڭشې ئەزاسىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدۇق. يول بويى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىزدىن يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى، ۋەزىيەتنىڭ بىزنىڭ پەرىزىمىزدىكىدىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. بۇ، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان مەركەزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ تامامەن توغرى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بىز ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ئۇ مۇقەررەر ھالدا يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تېخىمۇ جۇشقۇن ھالدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ نامرات قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىزنىڭ كۆزلىگىنىمىزدىن تېخىمۇ تېز بولىدۇ.

## 1. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن

1977 - يىلى، „4 كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى باھاردا، مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغان ئىدىم. ئۇ چاغدا، گەرچە كىشىلەر «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خۇشال - خۇراملىققا چۆمۈپ، سىياسىي جەھەتتە يېڭىۋاشتىن ئازاتلىققا ئېرىشكەنلىكنى ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزا خىزمىتىدىكى «سول» خاتالىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرى تېخى تۈزىتىلمىگەن ۋە تازىلانمىغانلىقى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى بېسىقىپ ئۇچراۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى يېتىشمەي تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. بۇنى ھۇزۇرلاردىن كورۇپ، كوڭلۇم غەش بولۇپ، كوز - ياشلىرىم ئاققان ئىدى. بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ھەر قايسى جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى جەھەتتە، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كوردۇم. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاساسەن تۆۋەندىكى توت تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇ - يىل ياخشى ھوسۇل ئېلىنغان. 1977 - يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان مەھسۇلاتى ۋە چارۋىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نەق سانى ئۈزلۈكسىز تۇردە ئاشقان.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان مەھسۇلاتى ۋە چارۋىسىنىڭ ئېشىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ:

| تۈرى | 1977-يىل | 1978-يىل | 1979-يىل | 1980-يىل | 1980-يىلى 1977-يىلدىكىگە نىسبەتەن ئاشقىنى % |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق (يۈز مىليون جىڭ) | 32·14 | 34·68 | 33·73 | 34·82 | 8·3 |
| پاختا (ئون مىڭ جىڭ) | 6806·80 | 7009·30 | 6569·80 | 9229·00 | 35·5 |
| مايلىق دان (ئون مىڭ جىڭ) | 7765·60 | 7931·60 | 8908·70 | 9679·50 | 24·6 |
| چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نەق سانى (ئون مىڭ تۇياق) | 1111·01 | 1109·43 | 1174·96 | 1230·25 | 10·7 |

يۇقۇرىدىكى 4 چوڭ كۆرسەتكۈچ ئىچىدە ئاشلىق، مايلىق دانلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نەق سانى 1980 - يىلى تارىختىكى ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىمۇ تارىختىكى ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيىگە يېقىنلاشقان. جايلارنىڭ ئىنكاسى ۋە بىزنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشىمىزدىن قارىغاندا، ئەمەلىي مەھسۇلات مىقدارى يۇقۇرىدىكى ئىستاتىستىكىدا قىلىنغان ساندىنمۇ كۆپ ئىكەن.

بۇ يىلمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جايلارنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، كۆزگى بۇغداي ۋە يازغى بۇغدايلاردىن مول - ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. كېۋەز، كوممە قوناقلار تۈجۈپىلەپ تېرىلغانلىقى، ئەتىيازلىق سۇغۇرۇش ئىشلىرى چىڭ تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ زىرائەتلەرنىڭ مايسىلىرى تولۇق ھەم غوللۇق ئۆسۈۋېتىپتۇ. چارۋىچىلىقتىن مول - ھوسۇل ئېلىش ۋەزىيىتىمۇ مۇقىملىشىپ قاپتۇ، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 2 پىرسەنتكىمۇ يەتمەپتۇ، ئۇششاق چارۋىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 85 — 90 پىرسەنتكە يەتكەن. دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش بويىچە كۆلەم چوڭ، سان كۆپ بولغان. كۆزلۈك مېۋىلەر بەك بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ يىل ئايرىم جايلاردا كۆرۈلگەن بەزى ھاشارات ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇئىدىنمۇ مول - ھوسۇل ئېلىنىدىغان بىر يىل بولغۇدەك.

2. دېخان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلانغان. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى ھەم 1977 - يىلى دۆلەت دېخانچىلىق ۋە دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىغا باھا قوشۇپ بېرىشنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، دېخان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپتىن ئىگە بولغان كىرىمى كۆپەيگەن، 1964 - يىلدىن بۇيان كىرىمى ئاساسىي جەھەتتىن ئاشماي، ئۇزۇن مۇددەت بىر نۇقتىدا توختاپ قالغان ھالەت ئۆزگەرگەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرى كەلگەن كىرىمى مۇنداق:

| ۋىلايەت، ئوبلاستلار | 1977 - يىل | 1978 - يىل | 1979 - يىل | 1980 - يىل |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| بايىنغولىن ئوبلاستىدا | 78.75 يۈەن | 83.68 يۈەن | 101.90 يۈەن | 106.01 يۈەن |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە | 68.49 يۈەن | 83.08 يۈەن | 96.00 يۈەن | 99-105 يۈەن |
| قىزىلسۇ ئوبلاستىدا | 38.39 يۈەن | 43.82 يۈەن | 43.10 يۈەن | 50.41 يۈەن |
| خوتەن ۋىلايىتىدە | 51.86 يۈەن | 53.49 يۈەن | 53.50 يۈەن | 61.39 يۈەن |
| قەشقەر ۋىلايىتىدە | 57.89 يۈەن | 64.55 يۈەن | 68.50 يۈەن | 72.50 يۈەن |

يۇقۇرىدىكى سانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1980 - يىلدىكىنى 1977 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان كىرىم ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، بايىنغولىن ئوبلاستىدا 27.35 يۈەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 30.51 — 36.51 يۈەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 12.02 يۈەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە 14.61 يۈەن، خوتەن ۋىلايىتىدە 9.53 يۈەن ئاشقان. بۇ سان پۈتۈن شىنجاڭنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۇقۇرى بولمىسىمۇ، لېكىن 10 يىللىق ئىچكى ئالايىمىقانچىلىق مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاشقان. شىنجاڭ بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرى كېلىدىغان كىرىم 1976 - يىلى 76.42 يۈەن بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 1964 - يىلدىكى 72.66 يۈەندىن ئاران 3.76 يۈەنلا ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن پەقەت 0.31 يۈەندىن ئېشىپ بارغان.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى گۆشچى، دېھقان ھەمدە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پۇقرالارنىڭ نەپ ئېلىش كەسپىي بازارلىرىغا قاراپ تۈزۈلگەن مۇكاپاتنى ھېسابقا كىرگۈزمىگەندە، شۇڭا 1980 - يىلى گۆشچى ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپتىن ئىگە بولغان كىرىمى ئەمەلىيەتتە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سان - مەلۇماتتىكىدىن كۆپ ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قالدۇرۇق يەر سىياسىتى كەڭ قىلىنغانلىقى، قالدۇرۇق چارۋا جەھەتتىكى چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، گۆشچى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسپى راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەككە ئىگىلىكتىن كىرگەن كىرىمىنىڭ ئېشىشىمۇ ناھايىتى تېز بولغان. خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ تىپىك تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، بۇ كىرىم كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن تەخمىنەن 40 — 70 يۈەندىن توغرى كېلىدىكەن.

دېھقانلارنىڭ ئۆزلۈكلۈك ئاشلىقىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن، ئومۇمەن 350 جىڭدىن يۇقۇرى بولغان، بۇنىڭغا دۆلەتنى ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ئاشلىق ۋە قالدۇرۇق يەردىن ئالغان ئاشلىقنى قوشقاندا، 400 - 500 جىڭ ئۆپچۆرىسىگە بارىدىكەن، بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى دۆلەت باھا قويۇپ سېتىۋالىدىغان تاختاي باھاسىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن بولۇش، يوتكەپ ئەپكېلىپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى ساتالماسلىق ئەھۋاللىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەيدانغا كەلگەن، كۆپ ساندىكى گۆشچى ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىدە ئېشىنغان ئاشلىقى بار ئىكەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تويغىدەك تاماق يېيىش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بوپتۇ. ئاق ئاشلىقنىڭ نىسبىتىمۇ زور دەرىجىدە كۆپىيىپتۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئاياللارنىڭ بۇغداينى ئۆگۈت ئېتىپ، ئۇن تارتىپ ئېچى بولۇۋاتقانلىقى كۆپ ئۇچرايدۇ، دېھقانلاردىن ئاشلىقىڭلار يېتەمدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدۇق، بەزى دېھقانلار كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھازىر ئاشلىقىمىز يېتىشمىسە، ئاشلىقىمىز يېتىشمىگەن ۋاقىت

بولمايدۇ» دېيىشتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەيدىغان گۆش - يېغىمۇ خېلى كۆپەيگەن. ئۆتكەندە مېھماندوست ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاشلىقى قىس بولۇپ، مېھمان كەلسە ئالدىغا ئېلىپ چىققىدەك بىرنەممىسى بولمىغاچقا، بەكمۇ خىجىل بولۇشقان، ھازىر مېھمانىنىڭ ئالدىغا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قويالايدىغان بولۇپ قاپتۇ، تۇرمۇشى خوشال ئۆتۈۋېتىپتۇ، ئىش قىلىشتا غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ، ئۇلار قىزغىنچىلىق قىلىپ: «ھازىر نېنىمىز چوڭىيىۋىدى، كەتمىنىمىزمۇ چوڭايدى» دېيىشتى.

تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىمۇ ياخشىلىنىش بولغان. ئۇزۇندىن بۇيان دېھقان، چارۋىچىلارنى ئازابلاپ كەلگەن قارا تەرەتكە كېسىلى زور دەرىجىدە ئازايغان، ئىلگىرى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارمۇ ساقىيىپ ناھايىتى ئاز قالغان، مارالۋېشى ناھىيىسىدە 1980 - يىلى قارا تەرەتكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 5 مىڭ 889 كىشى بولۇپ، بۇ يىل ئازىيىپ 616 كىشى قالغان. ئۆتكەندە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاياللار ھەددىدىن ئېغىر ئەمگەك قىلغانلىقى، تاغار يۈدىگەنلىكى ئۈچۈن، بالىياتقۇسى تۆۋەنلەپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ھازىر كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ كىرىمى كۆپلەپ ئاشقانلىقتىن ئۇلار كۆپلەپ ئېشەك ۋە ھارۋا سېتىۋاپتۇ. ياش ئاياللار ئىچىدە بالىياتقۇسى تۆۋەنلەپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئاساسىي جەھەتتىن قالماپتۇ. ئىلگىرى تۇرمۇشتا قىينىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن كوممۇنا ئەزالىرى بۇ يىل ئارقا - ئارقىدىن ئۆز ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە قايتىپ كەلگەن. مارالۋېشى ناھىيىسىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەردىن 4 مىڭ 249 كىشى قايتىپ كەلگەن.

3. پارتىيە سىياسىتى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىغان. پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى - سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. دېھقانلار خوشال بولۇشۇپ: «بۇ، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئازات بولۇشى»، «ئەمدى بىزنىڭ ھەقىقىي جان تىكىپ ئىشلەيدىغان ۋاقتىمىز كەپتۇ» دېيىشكەن. داڭ چېلىپ، رادىيودا ۋاقىراپ، ئويمۇ - ئوي يۈرۈپ ئەزالارنى ئىشقا ھەيدەيدىغان ھادىسىلەر ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. دېھقانلار كۆتۈرە ئالغان ئېتىزلىرىغا خۇددى قالدۇرۇق يېرىگە ئىشلىگەندەك ئىشلىگەن، ئۇلار تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئوغۇت توپلىغان، ئامال قىلىپ خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالغان. بەزىلەر بىرمو يەرنىڭ ئېتىزغا 6 - 7 مىڭ جىڭدىن ئوغۇت تۆككەن، تېرىش ۋاقتىدا كۆپىنچىسى ئۇرۇقنى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىغان، ئېتىزلاردىكى كۆپ يىللاردىن بۇيان كولاپ ئېلىۋېتىلمىگەن قىياقلارنىمۇ كولاپ ئېلىۋەتكەن. بەزىلەر ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىپ، ئۇزۇن يول مېڭىپ، چەت جايلارغا بېرىپ چارۋا سېتىۋالغان. يەرلەرنى ھازىرقىدەك كۆڭۈل قويۇپ،

ئىنچىكە، تەكشى رەتلەيدىغان ئەھۋال ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئىلگىرى ئېتىزلاردىكى چوڭ ئوي - دۆڭلۈكلەرلا تۈزلىنىپ، كىچىك ئوي - دۆڭلۈكلەر تۈزلەنمىگەن، ھازىر چوڭ ئوي - دۆڭلۈكلەرمۇ، كىچىك ئوي - دۆڭلۈكلەرمۇ تۈزلەنگەن. بەزى گۈڭشې ئەزالىرى ئېتىزلىقتىكى شورلارنى سۈپۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇم ياتقۇزغان. بەزى ئېتىزلار بۇرۇن تېرىغانىرى كىچىكلەپ كەتكەن بولسا، كۆتۈرىگە بېرىلگەندىن كېيىن، قىرلىرى كىچىكلەپ، تېرىلىدىغان كۆلىمى كېڭەيگەن، قىر تۈۋى، بۇلۇڭ پۇشقاقلارمۇ ئاغدۇرۇلۇپ، ئالا قويماي تېرىلغان. بىر ھويلىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 2 – 3 ھوڭ كېڭەيگەن. دېھقانلار: „ھازىرقى مۇشۇ چارە ئۆزگەرمىسىلا، يەنە 3 يىلدىن كېيىن بېيىپ كېتىمىز،، دېيىشكەن. بەزى دېھقانلار كادىرلارغا: „ھۆكۈمەتكە مۇنداق بىر ئېغىز سۆزىمىزنى ئېيتىپ قويۇڭلار: ھازىرقى مۇشۇ چارە ئۆزگەرمىسىلا، ھۆكۈمەت بىرلا ئىشنى ياخشى قىلسا، يەنى ئاشلىق قاچىلايدىغان ئىسكىلاتنى كۆپرەك سالسا بولىدۇ،، دېيىشكەن.

4. كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولغان، پارتىيە بىلەن دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ياخشىلانغان. بۇرۇن ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلىرىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمگەككە ئاز قاتناشقان، ئۇلار كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلەپ، بۇيرۇقچىلىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەن، دېھقانلارنىڭ بويىنىغا پىكىرى چىققان. ھازىر ھەممە كىشى كۆتۈرە توختامى تۈزگەنلىكى ئۈچۈن، كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئەمگەككە قاتناشقان. قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىلا، ئەسلىدىكى 6 مىڭدىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام كادىرىدىن 3 مىڭ 600 ى قالغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سول خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كادىرلار يېزىلارغا بارسىلا، سىنىپىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىپ „كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى،، نى كېسىشكەن، نەتىجىدە كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن، ئامما كادىرلارنى كۆرگەن ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان، كادىرلار ئىزدەپ بارسا سوغاق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. بىز بۇ قېتىم يېزىلارغا تەكشۈرۈشكە بارغىنىمىزدا، ئامما بىزنى ئەينى يىللاردا يەر ئىسلاھات كادىرلىرىنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالدى. بىز ئولتۇرغان پىكاپ توختىغان ھامان، ئامما بىزنى ئورىۋېلىپ، ئۇنى - بۇنى سورىدى. ھەم ئۆتكەن بىر يىلدا ئۆز تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە بارىكاللا ئوقۇشتى، بىزنى ئۆيلىرىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىشتى.

بۇرۇن دېھقانلار كادىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوللېكتىپ ئەمگەك قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەمگەكتە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بولمىغان، سىرتقا تۇغقان كۆرۈش، يار - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشقا بارماقچى بولسىمۇ رۇخسەت سورىغان. ھازىر دېھقانلار ئەمگەكتە ئۆز - ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، تۇرمۇشتا ئەركىن بولغان، تۇققان كورۇش، دوسيا- ئاغىنىلىرىنى يوقلاش پۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولغان. ئورۇق- تۇققانلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بېرىش- كېلىش ۋە ئىناق مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەن. دېخانلارنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن ئازادىلەشكەن. ھازىر يېزىلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىمۇ بۇرۇنقىدىن كوپ ياخشىلانغان. ئوغۇرلۇق، ئۇرۇش- تالاش، سوقۇشۇش ۋە ئائىلە ماجرالىرىمۇ بۇرۇنقىدىن كوپ ئازايغان.

## جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاچقۇچى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدا.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلار بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە؛ ئىككىنچىدىن، ئىلىم- پەنگە؛ ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانغان، بۇ، 30 نەچچە يىللىق يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا يېزىلاردا سولچىل ئىدىيىگە خاتىمە بېرىلىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىلەشتۇرۇلگەنلىكى، ھەرخىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى، دېخانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھورمەت قىلىنغانلىقى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم ئاچقۇچلۇق ئامىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدۇر، بەزى يولداشلار بۇنى "سىياسەت ياخشى بولدى، پارتىيە ياردەم بەردى، پەنگە تايىنىپ ئىش كورۇلدى، كىشىلەر تىرىشتى، تەبىئەت مەدەت بەردى" دېگەنگە يىغىنچاقلىغان. "سول" خاتا يېتەكچى ئىدىيە ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان چاغلاردا، ھاۋا كېلىماتى ھەر يىلى دېگىدەك يامان بولۇۋەرمىگەن، لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش زادىلا يۈكسەلمىگەن، جەنۇبىينىڭ ئاشلىقى شىمالغا يۆتكىلىدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، شىمالنىڭ ئاشلىقى جەنۇبقا يۆتكىلىدىغان بولۇپ قالغان، ئامما باي بولالمىغان. دېمەك يېتەكچى رول ئوينايدىغىنى يەنىلا پارتىيە سىياسىتىنىڭ ياخشى بولۇشىدۇر.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىقى ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىلەشتۇرۇش؛ كەسىپلەر بويىچە كوتىرە بېرىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۇرۇپ ھەق ھېساپلاش؛ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېھتىيازىغا مەسئۇلىيەت ئېھتىيازىنى قوشۇپ بېرىش؛ مەھسۇلاتنى، يەرنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش؛ نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش، ئىشنى كىچىك دائىرە بويىچە كوتىرە بېرىش؛ بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش؛ گۇرۇپپىلار بويىچە كوتىرە بېرىش (چوڭ كوتىرە بېرىش)؛ ئوزۇقلۇق ئېھتىيازى بېرىش قاتارلىق 8 خىل شەكلى بار ئىكەن. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق 5 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەللەشتۈرۈش. خوتەن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرى ئادەتتە مۇنداق ئىشلىگەن: كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى كوتىرىگە بېرىلگەن زىرائەت ئۈچۈن كېتىدىغان ئىش مىقتارىغا ئاساسەن، ھەر بىر جىڭ مەھسۇلاتنىڭ گۆڭگىن ھەققىنى بەلگىلەپ، ئەزالار بىلەن كۆتىرە توختامى تۈزگەن. يىل ئاخىرىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئالغان مەھسۇلاتنىڭ سانىغا قاراپ، گۆڭ خاتىرىلەپ، بىر تۇتاش تەقسىماتقا كىرگۈزگەن. مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارغا، ئاشۇرغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپات بەرگەن، مەھسۇلاتنى كېمەيتىپ قويغانلاردىن، كېمەيتىپ قويغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەتكەن. خوتەندە بۇنى يەرگە قاراپ مەھسۇلاتنى بېكىتىش، مەھسۇلاتقا قاراپ گۆك بېكىتىش، مەسئۇلىيەتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە (كىشى بېشىغىچە) ئەمەللەشتۈرۈش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش، دەپ ئاتىغان، ئۇلار يەنە بۇنى قىسقارتىپ مەسئۇلىيەتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە (كىشى بېشىغىچە) ئەمەللەشتۈرۈش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش، دەپ ئاتىغان.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقى سۇغۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغانلىقى ھەمدە يەرلەر سالالاشتۇرۇلۇپ بولۇنغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشتا بىر تۇتاش ھېساۋات قىلىش، تېرىقچىلىق پىلانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سۇنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ـ ئىشلىتىش، چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى بىر تۇتاش ئىشلىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

(2) كەسىپلەر بويىچە كوتىرە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش. بۇ خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن: ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشنى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ھەمكارلىشىشنى يولغا قويغان، دېھقانچىلىق قىلىشقا ماھىر ئەمگەك كۈچلىرىگە تېرىلغۇ يەرلەرنى بۆلۈپ كوتىرە بەرگەن؛ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر ئەمگەك كۈچلىرىگە ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ، ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە مەھسۇلاتنى كوتىرە بەرگەن؛ ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە كوتىرە بېرىشتە، ئىشلەپچىقىرىشقا قولايلىق بولۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، مەھسۇلاتنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گۇرۇپپا، ئەمگەك كۈچى ۋە ئائىلىلەرگىچە ئەمەللەشتۈرگەن؛ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ھەر تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى دۆي بويىچە بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىش مۇۋاپىق بولسا، بىر تۇتاش ئېلىپ بارغان، ئايرىم ئېلىپ بېرىش مۇۋاپىق بولسا، ئايرىم ئېلىپ بارغان؛ مەھسۇلاتنىڭ كوتىرە بېرىلگەن قىسمىنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلغان، ئاشۇرۇپ ئىشلىگەن قىسمىنى مۇكاپات تەرىقىسىدە بەرگەن، كېمەيتىپ قويۇلغان قىسمىنى تۆلەتتۈرگەن؛ بۇ خىل شەكىل توختام ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېكىتىلگەن ھەممە شۇيىلى ياكى بىر قانچە يىل ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان.

بۇ خىل شەكىلنىڭ ئالدىنقى شەكىل بىلەن بولغان مۇھىم پەرقى شۇكى، بۇنىڭدا مەھسۇلات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كەسپىي ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ كوتىرە بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان. تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىداكېۋەز ئېتىزلىرىنى پەرۋىش، قىلىش چارۋا بېقىش، باغلارنى باشقۇرۇش، ئورمان تىكىش ۋە ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپىنچە بۇ خىل شەكىل قوللىنىلغان.

يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن 2 خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ھەم كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ھەم كۆممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ماددىي مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭدەك بۇ 2 خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ھېساۋات ئۇسۇلى ئىخچام، ئېنىق، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئاددىي، ئوڭاي بولۇپ، ئاممىا خاتىرجەم بولىدىكەن، كادىرلارنىڭ كۆپ باش قاتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن، شۇڭا، بۇ خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىنغان.

(3) مەھسۇلاتنى، ئىشنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش. خوتەن ۋىلايىتى ئىشنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىشنى ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى بىرلەشتۈرۈش دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ھەر بىر ئائىلىگە ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئولچىمىگە قاراپ، مەلۇم يەرنى ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى قىلىپ ئاجرىتىپ بەرگەن، ھەر كىم ئۆزى ئىشلەپچىقارغاننى ئۆزى يېگەن، ئىشلەپچىقىرىش دويىلىرى قايتا بىر تۇتاش ئۇزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بەرمىگەن، قالغان يەرنى مەسئۇلىيەت ئېتىزى قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەملىيلەشتۈرگەن، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاپ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمىنى پۈتۈنلەي مۇكاپات بەرگەن. مەھسۇلاتنىڭ كېمەيتىپ قويۇلغان قىسمىنى پۈتۈنلەي تولەتكەن. بەزى جايلار بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق، ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوقكەن دەپ قاراپ، ئۇزۇقلۇق ئاشلىقىنى مەھسۇلات كوتىرە كورسەتكۈچىگە بىر تۇتاش كىرگۈزۈپ، ھەممىنى مەسئۇلىيەت ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش چارىسىنى قوللانغان. مەسئۇلىيەت ئېتىزى ئايرىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ خىل شەكىل ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن. بۇنىڭدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىشتىن ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئوتۇشنىڭ ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بەزى جايلار ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئىشنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش ياكى كىچىك كوتىرىگە بېرىشتە، كوتىرىگە ئالغۇچى ئائىلىلەرنىڭ كوتىرىگە ئالغان مەھسۇلاتىغا

قارىتا «دولەتكە تاپشۇرتقۇزۇش، كوللېكتىپكە قالدۇرغۇزۇش، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بېرىش» تەك ئاددى چارىنى قوللانغان.

بەزى جايلاردا مەھسۇلات ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرمىغان، بىر تۇتاش ھېساۋات قىلمىغان، ھەممە خىراجەتكە گوڭشې ئەزالىرى ئۆزى مەسئول بولغان، مەھسۇلاتنىڭ دولەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرۇلىدىغان، سېتىپ بېرىلىدىغان ۋە كوللېكتىپكە قالدۇرۇلىدىغان قىسمىدىن باشقىسى، پۈتۈنلەي گوڭشې ئەزالىرىغا بېرىلگەن، قايتا بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنمىغان. بۇ خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە ئومۇمۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئۆزگەرمىگەن، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان، لېكىن ئۇنىڭدا يەككە ئىگىلىك تەركىبى نىسبەتەن كوپ ئىكەن.

خوتەن قاتارلىق جايلار ئۇزۇندىن بۇيان «ئاشلىق يېيىشتە قايتا سېتىپ بېرىشكە، پۇل خەجلەشتە قوتقۇزۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشتا قەرز پۇلغا تايىنىدىغان» «3 كە تايانغۇچى دۆي» لەردە پەقەت ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېھتىزى ئايرىپ بېرىشنى يولغاقويغان، يەرلەرنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئولچىمىگە قاراپ، نوپۇس سانى بويىچە ئائىلىلەرگىچە مۇقىملاشتۇرۇغان، ھەركىم ئۆزى ئىشلەپچىقارغاننى ئۆزى يېگەن، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە، ئۇلاردىن غەللە - پاراق ئېلىش سېتىۋېلىشنى كېچىكتۈرۈم قىلغان، كوللېكتىپقا قالدۇرۇلىدىغان نىسبەتنى قالدۇرمىغان. بۇ ئالاھىدە قېيىنچىلىقى بولغان جايلاردا ئاممىنىڭ كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىتلىق تەدبىر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

( 4 ) نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش، ئىشنى كىچىك دائىرە بويىچە كوتىرە بېرىش. بۇ خىل شەكىلنى يولغاقويۇش ئۇسۇلى:مۇنداق بولغان: ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىنى بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشنى دائىرە بويىچە كوتىرە بەرگەن، نورما بەلگىلەپ، ھەق ھېساپلىغان، بۇ خىل شەكىلنى قوللانغان ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى ئەسلى ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولغان دۆيلەر ئىكەن، ھازىر ئۇلارمۇ بىۋاستە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرىدىغان باشقا شەكىلنى قوللىنىش مەسىلىسىنى غولغۇلا قىلىشىۋېتىپتۇ.

( 5 ) بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش. بۇنىڭدا مۇنداق كونكرېت ئۇسۇل قوللىنىلغان: يەر، ئەمگەك كۈچى، ئىش نومۇرى، سېلىنىدىغان مەبلەغ، مەھسۇلات بېكىتىلىپ، گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەللەشتۈرۈلگەن، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلار مۇكاپاتلانغان. بۇ خىل شەكىل ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرىدىكى چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ئەھۋالىنى تۈگىتىشتە مەلۇم رول ئوينىغان. لېكىن بۇ خىل شەكىل يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەڭ تەقسىماتچىلىق يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن، «ئىشقا ئولىشىپ چىقىش، ئەمگەكنى ھە - ھۇ بىلەن تۈگىتىش» ھالىتى ئاساسەن تۈگىتىلمىگەن. يەنىلا «تەخمىنەن نومۇر»غا قاراپ تەقسىمات ئېلىپ بېرىلغان، مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى ئەمەلىيەتتە يەنە بىر دەرىجىلىك ھېساۋات

بىرلىككە ئايلىنىپ قېلىپ، يەنە بىر قاتلام كادىر ۋە بىر تۈركۈم ئەمگەك قىلمايدىغان كىشىلەر كۆپەيگەن، كۆكشى ئەزالىرىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا قاتتىق پىكرى چىققان. بۇ خىل شەكىلنى قوللانغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىۋاستە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈش شەكلىگە ئۆزگەرتكەن، يەنە بەزىلىرى مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشنى كىچىك دائىرە بويىچە كۆتۈرە بېرىش، نورما بەلگىلەپ ھەق ھېساپلاشتەك كونا چارىگە قايتقان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ خىل شەكىل ئۆزگەرتىلمىسە، ئۇنىڭ داۋاملىشىپ بېرىشى تەستەك تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى ئەسلىدىكى ئاساسى ياخشى دۈيلەر بولسۇن، ياكى ئەسلىدىكى ئاساسى ناچار دۈيلەر بولسۇن، پەقەت مۇۋاپىق شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىدىكىچە ئەمەلىلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تۈگەتسىلا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا كورۇنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىكەن. خوتەن ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، كۆكشى ئەزالىرىنىڭ داراەمتى ئاشقان، كوللېكتىپ ئىگىلىكمۇ زورايغان. بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە سەرپ قىلىنغان ھەر خىل خىراجەت 1979 - يىلدىكىدىن 8·97 پىرسەن تۆۋەنلىگەن، جامائەت فوندى 2·88 پىرسەن كۆپەيگەن، جامائەت پاراۋانلىق فوندى 086 پىرسەن كۆپەيگەن؛ زاپاس ئاشلىق فوندى 11·42 پىرسەن كۆپەيگەن. قارىقاش ناھىيىسىنىڭ نۇرلۇق كۆكشىسى ئەسلىدە ئاساسى ياخشىراق بىر كۆكشى بولۇپ، بۇ كۆكشىدە بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىدىكىچە ئەمەلىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇلتۇر ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليون 550 مىڭ جىڭ ئاشقان، ئېشىش نىسبىتى 17 پىرسەنگە يەتكەن، بىرلىك مەھسۇلاتى 454 جىڭغا يەتكەن، پاختىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 16·6 پىرسەنگە يەتكەن، مايلىق دان بىر باراۋەرگە يېقىن ئاشقان، چارۋا 23·9 پىرسەن ساپ كۆپەيگەن، يىلنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 29 پىرسەن ئاشقان. كۆكشى بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 85 يۈەندىن كىرىم قىلىنىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 21·40 يۈەن ئاشقان. ئوزۇقلۇق ئاشلىق كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 450 جىڭدىن توغرى كېلىپ، 1979 يىلدىكىدىن 107 جىڭ ئاشقان. كۆكشى بويىچە بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 112 مىڭ يۈەن كۆپەيگەن. كۆكشى ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كىرىمى بىر ھەسسە كۆپەيگەن، بۇ كۆكشىدە ئەسلىدە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان 58 دۈي بولۇپ، بۇلتۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ، ئېشىنىدىغان بولغان. كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر كۆكشىسىدە 62 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى كۆكشىلەشكەندىن بۇيان، ئۇزاققىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى

تەمىنلىيەلمەي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 3 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋېلىپ يىگەن، بۇلتۇر بۇ گوڭشېدا ئوزۇق ئاشلىق ئىچىمىزغا مەسئۇلىيەت ئىچىمىزنى قوشۇپ بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ دۈيلەرنىڭ ھەممىسىدە مەھسۇلات ئېشىپ، ئوزۇق ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى پۈتۈنلەي تەمىنلەپ ئىشىنىپ، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشتەك تارىخقا خاتىمە بەرگەن.

بەزى يولداشلار «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى يېتەرلىك ھالدا تەتقىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە قارىتا خىلمۇ - خىل گۇمان ئەندىشىلەردە بولغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىلەشتۈرۈش كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەن. بەزىلىرى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش سوتسىيالىزم يولىدىن چەتلەپ كەتكەنلىك بولارمۇ؟ دەپ گۇمانلانغان. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەنسىرەش ۋە گۇمانلىنىشنىڭ ھەممىسى ھاجەتسىز. ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى يەنىلا كوللېكتىپنىڭ قولىدا بولىدۇ. يەرلەرنى ھەيدەش، تېرىش، سۇغۇرۇش كوللېكتىپ تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. پەقەت ئېتىزدىكى مايسىلارغا پەرۋىش قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىلا گوڭشې ئەزالىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇ، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەمگەكنى تەشكىللەشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىلەشتۈرۈش - دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق، ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. بەزى جايلار مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىپ، بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرمىغان، بۇنىڭدا چەكلىمىلىك ۋە پاسسىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك شارائىتىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، تارىختىكى فېئوداليزم جەمئىيىتى دەۋرىدىكى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ رەھبەرلىكىدە، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش بەزى جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ھەقىقەتەنمۇ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىكەن، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن. ئۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە بېقىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا سوتسىيالىزم يولىدىن چەتلەپ كېتىلمەيدۇ، ئۇنىڭدا كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىش خەۋپىمۇ بولمايدۇ. مەملىكىتىمىزدە كوپىراتسىيىلىشىش ھەركىتىدە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە جەزمەن ئۇيغۇن كېلىشى لازىم دېگەن بۇ قانۇنىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. ئۇنى توسۇش قىيىن، ئۇنى زورۇقۇپ توسۇپ، «ئېغىشنى تۈزىتىش» ئىشى ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىلىدۇ – دە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققى قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئامما مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا يول قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان ئاساستا، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياكى مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە كوتىرە بېرىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاشقا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىيلىشىش ۋە مەخسۇسلىشىشقا قاراپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ قالامدۇ – قانداق؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى مەخسۇس سۇ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۇنى ئېرىقچىلىق پىلانى بويىچە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بەرگەن، سۇ ئوغۇرلىغانلارنى جازالىغان، سۈيىدىن قالدۇرۇپ قويغانلاردىن زىياننى تۆلىتىپ ئالغان. ھازىر سۇ باشلاپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئېرىق – ئۆستەڭلەر تۈزۈشتۈرۈلۈپ، تەييارلىق ياخشى قىلىنىدىغان بولغان. سۇ تۇتىدىغان چاغدا، قېرى – ياش، ئەر – ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئېرىق ۋە ئېتىز بېشىغا چىققان، سۇ تۇتقۇچىلارمۇ سۇسلۇق قىلمايدىغان بولغان، سۇ تېزتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭشې ئەزالىرى ئېرىقتىكى ساقىندى سۇلارنى چېلەك – داسلىرى بىلەن ئۆز ئېتىزلىرىغا توككەن، ئۇنى ئىسراپ قىلىۋەتمىگەن. بەزى جايلاردا سۇ ياركەتكەندە، كۆڭشې ئەزالىرى كىملەملىرىنى ئەپچىقىپ يارغا باسقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلەر ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىلگەنلىكتىن، ھېچكىم ئۆز ئېتىزىدىن ئۇلۇق سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغۇرۇشنى خالىمىغان. چاقىرىق قىلىنمىسىمۇ، سەپەرۋەر قىلىنمىسىمۇ ھەممەيلەن يەرلىرىنى كىچىك تاختىلاپ سۇغارغان. بۇ يىل ئەتىيازدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دەريا سۈيىنىڭ مىقدارى خېلى كۆپ ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، سۇغۇرۇش نورمىسى تۆۋەنلىتىلىپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى كېڭەيتىلگەن. بەزى جايلاردا سۇ تالىشىش ماجىرالىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى سۇ بىلەن يەرنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلمىغانلىقى، يەرنىڭ سۇغا قاراپ بېكىتىلمىگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتتۇر.

بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، سالا ئېتىزلىرى

بۇزۇلۇپ كېتەرمۇ - ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، بىرتۇتاش تېرىقچىلىق پىلانى بولغاچقا، شۇنىڭدەك يەرلەر ماشىنا بىلەن بىر تۇتاش ئاغدۇرۇلىدىغان، تېرىلىدىغان ۋە بىرتۇتاش سۇغۇرۇلىدىغان بولغاچقا، سالا ئېتىزلىرى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. كوللېكتىپنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى كىمنىڭ باقىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەخسۇس بېقىش ئۈچۈن كۆتىرە بېرىلگەن، ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى گۇڭشې ئەزالىرى بىلەن توختام تۈزگەن، مۇكاپاتلاش-جازالاشنى يولغا قويغان، يەم-خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى بىر تۇتاش يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئىشلىتىشنى ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان. گۇڭشې ئەزالىرى تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى ئىشلەتسە، ھەق ھېساپلاپ، يىل ئاخىرىدىكى ھېساۋاتتا بىر تۇتاش تۇتۇپ قالغان. كۆتىرە تۈزۈمى تۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇلاق باققۇچىلار تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى بېقىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىر دېھقانلارنىڭ كالا بېقىش قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرىدە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى ئەزالار ئۆزى بېقىپ ئۆزى ئىشلىتىش يولغا قويۇلغان.

بەزى يولداشلار مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچلىرىگىچە ئەمەللەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار يەنە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلالارمۇ؟ خېمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتەرمۇ؟ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بەزى گۇڭشې ئەزالىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇق، ئۇلار مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، مۇكاپات ئېلىشقا تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىنتايىن قىزىقىدىكەن، بەزىلەر ئۇرۇقنى دانمۇ-دانە تاللىغان، بەزىلەر تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئوغۇت توپلىغان. كۆنجۈرە، خېمىيىۋى ئوغۇتلارنى سېتىۋالغان. ئەسلىدە خېمىيىۋى ئوغۇتلارنى ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىرتۇتاش ئىشلىتەتتى ياكى يەر مو سانىغا قاراپ ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى يىل ئاخىرىدىكى تەقسىمات ۋاقتىدا تۇتۇپ قالاتتى. لېكىن ھازىر ئەزالارمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارلارغا بېرىپ خېمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالغانلىقتىن، خېمىيىۋى ئوغۇتنىڭ بازىرى چىقىپ كەتكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قەيەردە ياخشى ئەمەللەشكەن بولسا، خېمىيىۋى ئوغۇت شۇ يەرگە قاراپ ئاقىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان.

بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ۋە دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر تۇتاش كۈيخۇالاش ئېھتىياجىغا ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆستەڭگە ئېلىش ئىختىيارىغا ئاساسەن، ئادەتتە ھەر بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ كوللېكتىپقا يىلىغا 30 كۈندىن 60 كۈنگىچە ئىشلەپ بېرىدىغانلىقى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەنگەن. كونكرېت ئەمگەك ۋاقتى، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ھالدا تەكشەلگەن. بۇرۇن ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى بەك زور بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇرغۇن ئۈنۈمسىز ۋە تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، يىل بويى دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي بەك چارچاپ كەتكەن، ھازىر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۈنۈمسىز ئەمگەك قىلىنمايدىغان بولغاچقا، ئىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئادەتتە ئەزالار كۆتۈرە ئالغان ۋەزىپىسىنى 3 ئايدىن 6 ئايغىچە ۋاقىت ئىچىدە پۈتتۈنلەي ئورۇنلاپ بولۇپ، قالغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرىگە ئىشلىگەن ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئوشۇقچىلىقى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا، كۈچ ئاجرىتىپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا، شۇنداقلا ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغان. گوڭشې ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ ئىشلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئىشلىگەن، بولۇپمۇ يىل ئاخىرى ۋە يىلنىڭ باشلىرىدىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش مەزگىللىرىدە بەس-بەس بىلەن كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقىت ئاجرىتىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

ھەر قايسى جايلار ھەربىلەر ۋە ئىنقىلاۋى قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ۋەزىپە كۆتۈرە بېرىش، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىش، ئوغۇت تاپشۇرۇش، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تەقسىم قىلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بەرگەن. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ھۆددىگە ئالغان.

## غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات قىياپىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۆزگەرتىش

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا، مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. لېكىن، ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا بىر قەدەر نامرات. شۇڭا بىز غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملىق تىرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، نۆۋەتتىكى ئىشلار جىددى، بىز ئىشنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن باشلىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تۈگىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى توغرا تونۇش، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتى مۆتىدىل، كۈن نۇرى، چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، سۇ مەنبەسى مول، ئۇيەردىكى دېھقانلار ئۇزۇندىن بۇيان تېرىقچىلىقنى تۇجۇپىلەپ ئادەتلەنگەن، ئۇ يەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا نۇرغۇن پايدىلىق شەرت-شارائىتلارغا ئىگە. جەنۇبىي شىنجاڭ تامامەن بېيىيالايدۇ ھەم بېيىشى كېرەك. بۇ جاينىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق نامرات بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا «سول» ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى ئىگىلىكنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش جەريانى ئەگرى-توقايلىققا يولۇقتى ۋە ئۇنىڭدا سەۋەنلىك كۆرۈلدى، يېڭى ئىگىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، بىرىنچىدىن چوڭ بولۇش، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە تەڭلەشتۈرۈپ ئەمگەك قىلىش، تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىش، ھە-ھۇ بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش، چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش تەشەببۇس قىلىندى، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىندى، سىياسىي جەھەتتە مەجبۇرلاش چارىسى ۋە مەمۇرىي ۋاستىلار قوللىنىلدى، گۇڭشې ئەزالىرى كادىرلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا «كوللېكتىپ ئەمگەك قىلدى»، كۆپ ئىشلىگەنلەر بىلەن ئاز ئىشلىگەنلەرگە، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ناچار ئىشلىگەنلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىندى، تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئەمگەك ۋە ئۈنۈمسىز ئەمگەك قىلىندى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش كېلىپ چىقتى، دېھقانلار يىل بويى ئىشلىسىمۇ قورسىقىغا بىر نەمە تەگمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىغا بەرھەم بېرىلدى، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر يىلى شېۋجىڭجۈيى پىپەن قىلىندى، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى كېسىلدى، گۇڭشې ئەزالىرى پىپەن قىلىندى، كادىرلارنىڭ ئەدىۋى بېرىلدى، كادىرلار ئالماشتۇرۇۋېتىلدى، كادىرلارنىڭ ئەدىۋى بېرىلگەنسېرى ئۇلار شۇنچە «سول» بولۇپ كەتتى، «سول» بولغانسېرى چىقىش يولىنى تاپالمىدى. بۇ بىر يۈرۈش «سول» نەرسىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىسكەنجىسى بولۇپ قالدى. پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يېزىلاردىكى «سول» خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى، پارتىيە بىلەن دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. بۇ بىر زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بىر مۇنچە يولداشلار «سول» بىر يۈرۈش نەرسىلەرگە ئادەتلىنىپ قالغان، ئۇشۇ «سول» نەرسىلەرنى سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئىمىلىرى دەپ ھېساپلىغان، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىسا سوتسىيالىزمغا خىلاپلىق قىلمىغان بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار مەركەزنىڭ (1980) 75 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ كېتەلمەي، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا دادىل بولالمىغان، مەھسۇلات بىۋاستە ئائىلىلەرگىچە، ئەمگەك كۈچلىرىگىچە، كىشى بېشىغىچە، تەمىملەشتۈرۈلىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكىللىرىنى دادىل يولغا قويالمىغان. بىۋاستە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلى بىلەن ئېتىزلارنى بۆلۈۋېلىپ يەككە ئىشلەشنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئايرىيالماي، توپلىشىپ ئەمگەك قىلماسلىق سوتسىيالىزم يونىلىشىدىن چەتلىگەنلىك بولىدۇ، ئۇشۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان جاپا تارتىپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن سوتسىيالىزم بىراقلا قولدىن كېتىپ قالىدۇ، بۇ ناھايىتى خەۋپلىك، دەپ قارىغان. روشەنكى، ئۇلارنىڭ بۇخىل تونۇشى خاتا ۋە زىيانلىق.

بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، كۆپچىلىك ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ، لېكىن ئۇنى مۈلۈكچىلىك جەھەتتە ئارقىغا چېكىنگەنلىك، دەپ قارىغان، بۇ، مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بىرخىل ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھات بولۇپ، روشەنكى، بۇ مۈلۈكچىلىك بىلەن پەرقلىنىدىغان باشقا بىرخىل خاراكتېردىكى مەسىلە. ئۇ ئەمگەك باشقۇرۇش شەكلىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ تەڭشەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى بىر تۇتاش ھېساۋات قىلىش ۋە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «بىر نەچچىنى بېكىتىش» (مەسىلەن، ئەمگەك كۈچىنى بېكىتىش، يەرنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى بېكىتىش، گۆڭنى بېكىتىش، تەننەرقىنى بېكىتىش قاتارلىقلار) بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەلۇم ئادەمنى ئۆزى باشقۇرغان مەلۇم ئىشقا پۈتۈنلەي مەسئۇل قىلغان، بۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتكەن، بۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، كۆپچىلىك ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغان، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پەيدىن - پەي زورايتقان. شۇنداق دەپ ئېيتىش كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىنىڭ بۇخىل چوڭ ھالەتتىن كىچىك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، تەڭشىلىشى مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق، بۇ ئارقىغا چېكىنگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئالغا باسقانلىق.

بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش «يەرنى بۆلۈشۈپ

يەككە ئىشلەش» كە ئوخشاپراق كېتەمدۇ - قانداق؟ دەپ گۇمانلانغان. بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلىنىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە پەقەت ئەمگەك تەشكىلى ۋە ھەق ھېسابلاش شەكلىلا ئۆزگەرتىلىدۇ، مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى ياكى گۇڭشې ئەزالىرى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ۋە ئاشۇرۇپ ئېلىنغان مەھسۇلاتتا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقىغىلا ئىگە. روشەنكى، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن «يەرنى بۆلۈشتۈرۈپ بېرىپ يەككە ئىشلەش» پۈتۈنلەي باشقا - باشقا ئىككى ئىش، ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي پرىنسىپىنىڭ تەلىۋىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يەنە بەزى يولداشلار ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، كەمبەغەللەر كەمبەغەل، بايلار باي بولۇپ كېتىپ، «ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش» ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلغان. شۇنداق دەپ ئېيتىش كېرەككى، بۇمۇ ئوخشاشلا بىر خىل خاتا چۈشەنچە. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش دېگەندە، كىشىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئەمگەكچىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زىت ئىككى قارىمۇ - قارشى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتىشى، ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىشچى ياللاش، ئىجارە ھەققى ئېلىش، جازانىخورلۇق قىلىشقا تايىنىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىش، يەر ئىجارىگە ئېلىش، قەرز ئېلىشقا تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بۇنى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىشقا زادى بولمايدۇ. ھازىر خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلغان، كۆپچىلىك ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، خىيانەت - ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك ھەركەتلىرىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ پەيدا بولماسلىقىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش دېگەن سۆزدە، ئاساسەن، قىسمەن تەبىئىي شارائىتى ياخشى، ئىشلەپچىقىرىشتا يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش، كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەمگەك كۈچى قاۋۇل، ياخشى ئەمگەك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنداق قىلىش ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ھامان تەكشى بولمايدۇ. كوللېكتىپ بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، ئوخشاشلا ئالدىن بېيىش، كېيىن بېيىش، كۆپرەك بېيىش، ئازراق بېيىش مەسىلىسى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كوللېكتىپلار ئارا تەبىئىي شارائىت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋال ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، شەخسلەرنىڭ

ئەمگەك ئىختىدارىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەنلىكى، باقىدىغان جان سانىنىڭ كۆپ - ئازلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ بېيىش سۈرئىتى ۋە دەرىجىسى جەھەتتە پەرق بولىدۇ. بۇ خىل پەرق ئورتاق بېيىش يولىدا كۆرۈلگەن نورمال ھادىسە، بۇنىڭدا سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا ئۇ كونا جەمئىيەتتىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا، بۇنداق پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىش كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ماددى بايلىقنى ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پۈتكۈل ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، ماددى بايلىقنىڭ كۆپىيىشى، تېخنىكىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل پەرقمۇ بارغانسىرى كىچىكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل پەرقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا نورمال ئەھۋال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنداق بولۇشى زورۇر. بىز ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، بىر قىسىم كۆكشىپ ئەزالىرىنى تېز بېيىتىشىمىز ھەمدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئىش تەقسىم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك ئېتىبار بېرىپ ۋە ياردەم قىلىپ، بۇ بىر قىسىم كۆكشىپ ئەزالىرىنىڭمۇ تېزراق بېيىشىغا يار - يۆلەك بولۇشىمىز لازىم.

يەنە بەزى يولداشلار: ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، شەخسلەر نەپ ئالىدۇ، كوللېكتىپ زىيان تارتىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنداق قاراشمۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بۇرۇنقىدەك ئىشقا «ئولىشىپ» چىقىدىغان، ھەق ھېسابلاشتا «تەڭ تەقسىماتچىلىق» قىلىدىغان ناچار خاھىشنى تۈزىتىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىلمىي باشقۇرۇش يولىغا كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، كوللېكتىپنىڭ كىرىمى ۋە كۆكشىپ ئەزالىرىنىڭ شەخسى كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇيەردە شەخسنىڭ بېيىشى كوللېكتىپنىڭ بېيىشى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان، بۇنىڭدا يەنە قانداقسىگە شەخسلەر نەپ ئېلىپ كېتىدىغان، كوللېكتىپ زىيان تارتىدىغان زىددىيەت كېلىپ چىقسۇن؟ كۆكشىپ ئەزالىرى ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللانسا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يېتەمدۇ - يوق؟ ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر تۇتاش پىلانلىنىپ، تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلسىلا، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئاقسىتىپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن. قىسقىسى، ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەممە يەلەننى باياشات كۈن كەچۈرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بېيىش - ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ بىرخىل يىغىنچاقلىنىشى. لېكىن سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئۇ يەنە ھامان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. كاپىتالىزىم تۈزۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى

بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇرژۇئازىيە باي، پرولېتارىيات نامرات بولىدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا، ئەمگەكچى خەلقلەر سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ، شۇڭا كوپچىلىك باي بولۇش شەرت-شارائىتىغا ئىگە، ئەلۋەتتە. سوتسىيالىزىم نامراتلىقنى يوقىتىپ، جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، قەدەممۇ - قەدەم كوپچىلىكنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىزىم بىلەن شۇغۇللىنىپ كوپچىلىكنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ ئۆتكەندە "توت كىشىلىك گۇرۇھ" تەرغىپ قىلغان "قانچىكى نامرات بولسا شۇنچىكى ئىنقىلاپ قىلىدۇ"، "نامراتلىق - شەرەپ"، "نامرات ئوتتۇش" دىگەنگە ئوخشاش يالغان سوتسىيالىزىمنىڭ بىر نىمىلىرى ئىنتايىن بىمەنە نەرسىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېيىشىغا، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىشىگە، تۇرمۇشىنىڭ بارغانسىرى باياشاتلىشىشىغا يول قويغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزىم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراپ، بىر مەقسەت - بىر نىيەتتە توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزىم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مەقسىدى باي بولۇشتىن ئىبارەت، باي بولۇش - سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى. باي بولۇش شەرەپلىك، باي بولۇش — يوللۇق.

"سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يەنە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى توغرا تونۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە جۈرئەتلىك بولۇش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش لازىم. بەزى يولداشلار ئۆز رايونىنىڭ چەت - يىراق، نامرات رايون ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئانچە خالىمايدۇ. ئۆزى لۈشەن تېغىدا تۇرۇقلۇق، لۈشەن تېغىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇمايدۇ. شۇنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىمكى، مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان، تەرەققىي قىلمىغان چەت - يىراق ۋە نامرات رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، سىياسەتنى كەڭرەك قىلىپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك، ئامما مەھسۇلات ئەمگەك كۈچلىرىگىچە، كىشى بېشىغىچە، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىلەشتۈرۈلىدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلسىلا، بىز بۇنىڭغا يول قويۇشىمىز ۋە مەدەت بېرىشىمىز لازىم. بىر ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى ئاساسەن مۇنداق 3 خىل شەرتكە، يەنى: بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي يولىدىن چەتلىمەسلىك، ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتە ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، كۆپچىلىك ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ،

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئارزۇسى قاتارلىقلارغا قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى يۇقىرىقى 3 شەرتكە ئاساسلىنىپ، ئۆزلىرى مۇۋاپىق كۆرگەن ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلىنى بېكىتسە ۋە تاللىسا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى لازىم، سەللا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسىلا، ئۇنى توسۇپ، زورمۇزور تۈزىتىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم. بىز تامامەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسەت كەڭرەك قويۇۋېتىلمىسە، كېيىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيلا قالماستىن، بەلكى قەد كۆتىرىشكە پايدىلىق بولىدۇ.

كۆتىرە توختىمى تۈزگەندە، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، گۇڭشې ئەزالىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىش كېرەك، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېنىق مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە ھوقۇقى بولۇشى لازىم. كۆرسەتكۈچ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ئاساستا تۈزۈلىشى، ئەقلىغا مۇۋاپىق بولۇشى، كۆپ سانلىق كىشىلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرالايدىغان، مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدىغان بولۇشى لازىم. نورمال ئەھۋال ئاستىدا، توختام ئىجرا قىلىنىشى، ئاشۇرغان قىسمىنىڭ ھەممىسى مۇكاپات بېرىلىشى، كېمەيتىپ قويغان قىسمىنىڭ ھەممىسى تولۇقلىنىشى ياكى كۆپرەك مۇكاپات بېرىپ، ئازراق تۆلىتىش يولىغا قويۇلۇشى لازىم. ئەگەر كۆتىرە ئالغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىي شارائىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەرت-شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن بولسا، كۆتىرە كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى مەھسۇلاتنى 3 يىللىق ئادەتتىكى مەھسۇلاتقا ئاساسلىنىپ كۆتىرە بەرگەن، بۇ بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان.

ئىككىنچى، ئوبېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئوبدان تەڭشەش لازىم. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، بىر تەرەپلىمە ھالدا «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» تەكىتلەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ئوبېكتىپ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ھەددىدىن ئارتۇق كېڭەيتىۋېتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماسلىق، سۇ بىلەن تۇپراق تەڭپۇڭلاشتۇرۇلماسلىقتەك ھادىسىلەر كېلىپ چىققان، ئىككىنچىلەپ تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتكەن، نۇۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. يەرلەر تېرىغانسېرى ئۇنۇمسىزلىشىپ كەتكەن، بىرلىك مەھسۇلات تۆۋەن ۋە مۇقىم بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى يۇقىرى بولۇپ كېتىپ، ئەزالارنىڭ دارامىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى جەزمەن تەڭشەش كېرەك. بۇلتۇر خوتەن ۋىلايىتى زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەشكە بەل باغلاپ، بۇغداي كۆلىمىنى قىسقارتىپ،

جاغدا كوممۇنا، قوناق ۋە ئاراكوممۇنا قوناق كولىمىنى كۆپەيتىش، ئىككىنچىلەپ تېرىش كۆلىمىنى قىسقارتىپ، يېشىل ئوغۇت ۋە بىدە كولىمىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت. ئىككىنى قىسقارتىپ، ئىككىنى كۆپەيتىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، سوغا قاراپ يەرنى بېكىتىپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتقا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ياماننى ئەھۋاللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇتقا كېلىدىغان قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. بولتۇر ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 120 مىڭ مو قىسقارتىلغان بولسىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات يەنىلا 38 مىليون جىڭ ئاشقان، بىرلىك مەھسۇلات 1979 - يىلىدىكىدىن 29.8 جىڭ ئاشقان. يېشىل ئوغۇت تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ مودىن 160 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، بۇ يىل يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلغان. بۇ يىل شۇ ئاساستا يەنە 40 مىڭ مو كۆمۈر، 30 مىڭ مو ئاپتاپپەرەس كۆپ تېرىلغان. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش ئۇسۇلى شىنجاڭ بويىچە ئومومىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ بىر خىل زور تەدبىرى. ئۇ، سۇ بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش، يەردىن پايدىلىنىش بىلەن يەرنى كۈچلەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆكشىي ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، سۇ بىلەن يەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا دىققەت قىلىشىمىز، زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ياخشى تەڭشىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تازا چىڭ تۇتۇپ، كۆكشىي ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تېخىمۇ كۆپ تاۋار يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قىلىش — يېزىلارنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنى تېخىمۇ تېزلا باي قىلىشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تەدبىرى. شۇڭا، تاقىقايىتىلارنىڭ تاغدىن پايدىلىنىشنى، سوغا يېقىنلارنىڭ سۇدىن پايدىلىنىشنى، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى كەڭ يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل قىلىشىمىز كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ مۇۋەپچىۋىنىڭمۇ ماكانى، كۆمۈر، ۋە ياغلىق دان تېرىش، پىلە بېقىشتا ئەۋزەل شەرت شارائىتقا ئىگە، قول سانائىتىمۇ تەرەققىي قىلغان، كان مەھسۇلاتلىرى مول، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تازا چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇشۇ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور قەدەم كۆتىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپى ۋە قول ھۈنەرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەنئەنىسى ۋە ئادىتى بار،

www.uyghurkitap.com

يېزىلاردا، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋە «قالدۇرۇق» سىياسىتى كەڭ قىلىنغاندىن كېيىن، كۆكتات ئەزالىرى ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ۋاقىت ۋە شەرت-شارائىتقا ئىگە بولدى. كۆكتات ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنى ياخشى يولغا قويۇشنى پائال قوللاپ، ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا يېتەكلەپ، كالا، قوي، توخۇ، ئۆردەك، توشقان زەپلەپ بېقىش، سەي تېرىش، مېۋىلىك دەرەخ تىكىش، توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئائىلە قول سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش-كۆكتات ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى تېز كۆپەيتىش، پۇل خەجلەش، گۆش يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم يولى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ ناھىيە ۋە كۆكتاتلارنىڭ رەھبەرلىكى كۆكتات ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، قالدۇرۇق يەر تېرىشىنى كۆكتات ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئىشى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۇ، ئىجتىمائىي بايلىقنى كۆپەيتىپ، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، كۆكتات ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ زور تەدبىرى، بۇنىڭغا پائال ياردەم بېرىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش كېرەك.

تۇتۇنچى چارۋا-مال پادىلىرى تۈزۈلمىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى تېرىشىپ ياخشىلاش لازىم. ئۆزۈندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئاستا بولدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققى قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بەرمىدۇق، جەنۇبىي شىنجاڭنى دېخانچىلىق رايونى دەپ قارىدۇق. ئەمەلىيەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چارۋىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ چارۋىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققى قىلدۇرۇلماسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا دېخانچىلىقنىڭ يۈكسەلمەسلىكىدىكى مۇھىم بىر سەۋەپ. ئۆتكەندە بىزنىڭ قالدۇرۇق چارۋا ماللارنى قاتتىق چەكلىشىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى چەكلەپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېشىغا يەتكەن چىشى ماللارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئاران 40 نەچچە پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ، چوڭ چارۋىنىڭ نىسبىتى ئاز بولغاچقا، چارۋا ماللارنىڭ سۈرىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن، جۇغى كىچىكلەپ كەتكەن؛ تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردا بېقىلىدىغان چارۋا ماللار ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ كەتكەن، تۈزلەڭلىك، چۆللۈك ۋە يېرىم چۆللۈكلەردىكى ئوتلاقلاردىن تولۇق پايدىلىنىلمىغان، بۇندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چىشى ماللارنىڭ نىسبىتىنى پائال ئۆستۈرگەن ۋە چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلىغاندىن تاشقىرى، كالا بېقىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چۆرىسىدە كەڭ كەتكەن چۆللۈك ۋە يېرىم چۆللۈك بولۇپ، ئۇ يەردە قومۇشلار بۈك-باراقسان بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇ، كالا تازا ياقتۇرۇپ يەيدىغان ياخشى ئوت-چۆپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كالىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى زور، ئۆچىدا ملىق، بېقىش ئاسان بولغان بىر خىل ھايۋان، ئۇ ئىشلىتىدىغان ئۇلاق شۇنداقلا ئۇيەنە، ئوغۇت، تېرە، گۆش، سۈت قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم مەنبەسى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ كالا بېقىش ئادىتىمۇ ناھايىتى

يۇقۇرى ئىكەن، ئۇنى بېقىشنى پائال تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا يار- يۆلەكتە بولۇش كېرەك. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ چارۋا ئاز بولۇش، ئۇلارنىڭ سورتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭدىن مۇۋاپىق ھالدا بىر قىسىم نەسىللىك مال ۋە چىشى ماللارنى يۆتكەپ كېلىپ ياردەم بېرىش كېرەك. 2 - 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ھەر بىر ئائىلىلىك كۆكچى ئەزاسىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 - 2 دىن سېغىن كالىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېغىن ئۆچكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، جايلاردىكى شۇ قويلارنىڭ نەسلىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاش كېرەك. چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن يېتەرلىك يۇڭ قالدۇرۇش لازىم. تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇڭنى سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، 2 - 3 يىل ئىچىدە چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆي مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە باربولغان كىگىز ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېقىلغۇ ئورمىنىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۇزۇندىن بۇيان ئامما ئوتۇن قالاشتا بەك قىيىنچىلىق تارتقان، كۆكچى ئەزالىرى ئىشەك ھارۋىسى بىلەن نەچچە ئون كىلومېتىر، ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يىراقلىقتىكى جايلارغا بېرىپ، توغراق، سۆكسەك، ۋە يۇلغۇنلارنى كېسىپ ۋە تېرىپ ئەكېلىپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن كۈچ ۋە ۋاقىت ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەرنىڭ يېپىنچىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۇپراق قۇملىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆكچى ئەزالىرىغا يېقىلغۇ ئورمان يېرى ئايرىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، پىلانلىق ۋە رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئاممىنى يېقىلغۇ ئورمىنى بىنا قىلىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوتۇن مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىش ئوچىقى، پاتقاق گېزى كولاچىگى قاتارلىقلارنى پائال ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى يېقىلغۇ ماتېرىيال مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

ئالتىنچى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل تەبىيارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، سۇ ئاپىتى، شور ئاپىتى ۋە قۇم ئاپىتى قاتارلىقلارنى تۈپتىن تىزگىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دەريالاردا كەلكۈن كېلىش ۋە سۇ ئازلاپ كېتىش تەكشى ئەمەس، پەسىلمۇ تەكشى ئەمەس، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ھاۋا سوغاق بولۇپ كېتىپ، تاغدىكى قارلار ئېرىيەلمەي، دەريالارنىڭ سۈيى ئازىيىپ كېتىپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال باش ئەتىيازدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە قىشتىن ئۆتكەن زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ياز پەسلىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگۈسى ياراپ كېتىپ، كۆپ مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ئاجرىتىپ كەلگۈسىدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ئاممىنىڭ سېلىقىمۇ ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. يالغۇزلا قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 2 مىليون 300 مىڭدىن ئوشۇق ئەمگەك سەرپ قىلىنىدىكەن، 11 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك چوڭ دەرەخ، بىر مىليون تۈلاق دەرەخ شېخى ئىشلىتىلىدىكەن. دېمەك، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىر نەچچە دەريانى تۈپتىن تىزگىنلەش كېرەك. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدا سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئۈنۈمسىز ئەمگەكلەر قىلىندى ياكى پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. مەن تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تۇۋەن پەندىن كۆكشىسىدە ناھايىتى كۆكۈدىكىدەك بىر سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىنى كۆردۈم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە سۇ ئامبىرى ياسالسا، 900 مىليون كۇب سۇ قاچىلاشقا بولىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن يەركەن دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تىزگىنلىگىلى بولىدىكەن. لېكىن ئانىڭغا مەملىكەت بويىچە ھەممە سۇ ئامبارلىرىغا قارىغاندا، مەبلەغ ئاز كېتىدىكەن. سۇ ئىشلىرى، پەن - تەتقىقات تارماقلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئوبدان يەكۈنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دەريالارنى تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ياخشى لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىش مەسىلىسىنى بىر ۋىلايەت يالغۇز ھەل قىلالماي كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدا بىر تۇتاش پىلان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى، بىر نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاستى ماسلىشىپ، ئۇزاق ھەل قىلىشى كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدا بوران ۋە قۇم ئاپىتى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، نىيە، چىرىيە ناھىيىلىرىدە قۇم ھەر يىلى 100 - 200 مېتىر سۈرئەت بىلەن ناھىيە شەھىرىگە قاراپ كۆچۈۋاتىدۇ. ئەگەر قۇم يەنە چىڭ تۇتۇپ تىزگىنلەنمەيدىغان بولسا، بۇ ناھىيىلەرنىڭ ناھىيە شەھەرلىرىنى يەنە بىر قېتىم باشقا جايغا كۆچۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ئورمانچىلىق تارماقلىرى قۇمدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىشنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپىسى قىلىپ تۇتۇشى كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي تارماقلىرىنىڭ مەركەزنىڭ يېڭى ئىگىلىگەن مەسىلىسى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرى ئىزچىللاشتۇرغانلىقى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىز ئىشىنىمىزكى، قىلچە تەۋرەنمەستىن، قەتئىي ھالدا مەركەزنىڭ توغرى سىياسەتلىرى بويىچە ئىشلەيدىغان بولساق ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە، ماددىي جەھەتتە داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىدىغان بولساق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاۋات قىياپىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

# دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلق ئىگىلىكىدە بولغان تەرەققىيات ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار

شۈي دىشىن

## 1- 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى

## تۆت باسقۇچ

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى مۇنداق تۆت مەزگىلگە ئايرىش مۇمكىن: (1) 1949 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى؛ (2) بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىشى؛ (3) يىلدىن 1999 - 1662 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر؛ (4) پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش فاڭجېننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ خۇشاللىنارلىق دەرىجىدە ياخشىلىنىشى، بۇنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى يۈز يىل ئىچىدە، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال دۆلەت بولۇپ، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ تاموژنا، تاشقى سودا ۋە قاتناش ئىشلىرىنى ئىگىلەپ، بانكا ۋە مالىيە ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار جۇڭگو زېمىنىدا ئورۇنلاشقان يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ باشقۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە سودا شەھەرلىرىدىن تاكى [illegible] يېزا - قىشلاقلارغا قەدەر دەللاللىق سودا ۋە جازانىخورلۇق ئېكسپلاتاتسىيە تورىنى قۇرغان. يېزا نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتىگە يەتمىگەن پومېشچىكلار بىلەن باي دېھقانلار پۈتۈن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 70 پىرسەنتىنى كوپرەكىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار يەرنى تارقاق هالدا دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، دېھقانلارنى ئېغىر هالدا فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە

قىلاتتى. پەقەت يەر ئىجارىسىنىلا ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجارە ھەققى دېخانچىلىقتىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى، يۇقىرى بولغانلىرى ھەتتا 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار دېخان-لارنىڭ قولىدىن 70 مىليارت جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىقنى تارتىۋالاتتى. گومىنداڭنىڭ 4 چوڭ ئائىلە باشچىلىقىدىكى بيۇروكرات مونوپول كاپىتالىغا كەلسەك، ئۇلار ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ جۇڭگودىكى مال-مۈلۈكلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقتىن، ئازاتلىق ھارپىسىدا، ئۇلارنىڭ كاپىتالى جۇڭگودىكى پۈتۈن سانائەت كاپىتالىنىڭ 2/3 قىسمىنى، جۇڭگودىكى پۈتۈن سانائەت، قاتناش-ترانسپورت تۇراقلىق كاپىتالىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنداق دەللاللىق، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاسارىتىدە، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنالىشى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئازات بولغان شۇ يىلى، زامانىۋى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 17 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنچىلىك بىچارە ھالەتتىكى زامانىۋى سانائەتنىڭ كۆپ قىسمى يەنە چەتئەل كاپىتالى تىزگىنلەپ تۇرغان دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. كونا جۇڭگونىڭ نوپۇسى (1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە) 540 مىليون بولسىمۇ، لېكىن پولاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىق مەھسۇلاتى ئاران 900 مىڭ توننىدىن كۆپرەك، كۆمۈر مەھ-سۇلاتى 60 مىليون توننىدىن كۆپرەك ئىدى. توك بېرىش ئىقتىدارى 6 مىليارت كىلوۋات سائەتكە يەتمەيتتى، ئاشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىق مەھسۇلاتى ئاران 270 مىليارت جىڭدىن كۆپرەك ئىدى، پاختا مەھسۇلاتى 17 مىليون دەنگە يەتمەيتتى. ئازاتلىق ھارپىسىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى مالىيە خاراپچىلىقىغا چۆكۈپ كېتىپ قالدى، بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە خاراپچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوللانغان چارىسى ئەسەبىيلەرچە قەغەز پۇل تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ تارقاتقان فابى ناملىق ساختا قەغەز پۇلى 556 مىليارت 900 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغاندىن تارتىپ 1949 - يىل 8 - ئايغا قەدەر ئۇنىڭ تارقاتقان قەغەز پۇلى ئىلگىرى تارقاتقان قەغەز پۇلى بىلەن قوشقاندا، جەمئىي 663 تىرىليون 694 مىليارت 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ساختا فابى پۇل بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان. گومىنداڭ 1948 - يىل 8 - ئايدا، يەنە ساختا «دوللار» ناملىق قەغەز پۇل تارقاتتى، بىر دوللارنىڭ قىممىتى 3 مىليون فابىغا تەڭ دەپ بەلگىلىدى. 1949 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە، ساختا دوللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 51 تىرىليون 612 مىليارت 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇمۇ نەق بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلانغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن 1949 - يىل 5 - ئايغا قەدەر بولغان

12 يىل ئىچىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ تارقاتقان قەغەز پۇلى 140 نەچچە مىليارت ھەسسە ئاشقان، شۇ مەزگىلدە مال باھاسى 8 تىرىلىيون 500 نەچچە مىليارت ھەسسە ئۆرلىگەن. شۇ چاغلاردا جۇڭگو خەلقى يالغۇز سىياسىي جەھەتتىلا فېئودال فاشىستلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتە مال باھاسى كۈندە نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئەتىگىنى سالامەت قوپسا ئاخشىمى نېمە بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيدىغان، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن زارلىنىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئاشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش چۈشكۈنلەشكەن، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن، شەھەر-يېزىلار ۋەيران بولغان، خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشقان ئەھۋالدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن قېپقالغان ۋەيرانە-ئەسكى تەنزىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغان ئىدى. 1949 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى فاجىئەلىك ۋەزىيەتنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆزگەرتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، دۆلەتنىڭ تاشقى سودىغا بولغان بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن، يۈز يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو خەلقىغە سېلىنغان يېرىم مۇستەملىكىلىك كىشەن پاچاقلاپ تاشلاندى.

پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولۇش بىلەنلا، خەلق ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇ قاتارلىق تۆت چوڭ ئائىلە باشچىلىقىدىكى دۆلەت مونوپول كاپىتالىنى دەرھال مۇسادىرە قىلدى. شۇ چاغدا مۇسادىرە قىلىنغان سانائەت كارخانىلىرى 2 مىڭ 858 بولۇپ، بۇ كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 750 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ دۆلەت مونوپول كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىنىشى بىلەن پرولېتارىيات دۆلىتى سوتسىيالىستىك ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنى بەرپا قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ بانكا، تۆمۈر يول، سۇ-ھاۋا ترانسپورتى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتنى ئىگىلىدى.

پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئازات رايونلار بويىچە 160 مىليون نوپۇسلۇق جايدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە مەملىكەت بويىچە 310 مىليون نوپۇسلۇق جايدا زور كۆلەمدىكى يەر ئىسلاھات ھەركىتى قانات يايدۇرۇلدى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ھەركەت 1952 - يىلىغا كەلگەندە ئاساسەن ئورۇنلاندى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسى يەرگە بولغان فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى دېخان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لارنىڭ مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا 700 مىليون مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئېغىر فېئوداللىق يەر ئىجارىسى بىكار قىلىندى، يەنە ئۆي، چارۋا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، شۇ ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى پاچاقلاپ تاشلاندى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازات قىلىندى، ئىچكى بازار قەدەممۇ-قەدەم جانلاندى.

جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدە، بيۇروكرات كاپىتال مۇسادىرە قىلىنغان، يەر ئىسلاھاتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن تاشقىرى، پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەڭ زور كۈچ بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى جاراھەتنى داۋالاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇزۇن مۇددەت ۋەيران قىلىۋېتىلگەن خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بۇ يەردە بىر قانچە مۇھىم تەدبىرلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بىرىنچى. ھايانكەشلىك ھەركەتلىرىگە زەربە بېرىلدى ھەم بازارلار خەلق پۇلىغا ئىشغال قىلدۇرۇلدى ھايانكەشلىككە زەربە بېرىش جەھەتتە، ھايانكەشلىك قىلغۇچى قانۇنسىز تۈركۈملارغا قانۇن بويىچە جازا كۆرگەندىن تاشقىرى، ئاساسەن ماددى ئەشيالارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۈردە بازارغا چىقىرىش چارىسى قوللىنىلدى، شۇ ئارقىلىق بۇ خىل ماددى ئەشيالارنىڭ باھاسى قەدەممۇ-قەدەم تۇراقلاشتۇرۇلدى. شۇ چاغدا پاختا، يىپ ئەڭ مۇھىم ئەشيا بولۇپ، 1949-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى، (مەملىكەت بويىچە چوڭ شەھەرلەردە، پاختا، يىپ كۆپلەپ سېتىلىپ، يىپ باھاسى تۇراقلاشتۇرۇلغان). بىرمۇنچە ھايانكەشلەر مۇشۇنداق زەربە بىلەن بەربات قىلىندى. ئىشچىلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ قەغەز پۇل ھېساۋىدىكى ئىش ھەققىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە شەھەرلەردە خەلق بانكىلىرىدا "ئەمەلىي نەرسىلەرگە سوندۇرۇلغان بىرلىك بويىچە پۇل ئامانەت قويۇش" يولغا قويۇلدى (شاڭخەيدە ئەمەلىي نەرسىلەرگە سوندۇرۇلغان بىر بىرلىك بىر جىڭ ئوتتۇرا ھال گۈرۈچ، بىر چى سىنيابۇ رەخت، بىر سەرخۇا سىڭ يېغى، بىر جىڭ كۆمۈردىن ئىبارەت تۆت خىل تاۋارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. "ئەمەلىي نەرسىلەرگە سوندۇرۇلغان بىرلىك" شاڭخەيدە 1949-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، شۇ كۈندىكى تاختاي باھاسى 302 يۈەن ئىدى). "ئەمەلىي نەرسىلەرگە سوندۇرۇلغان بىرلىك بويىچە پۇل ئامانەت قويۇش" ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قەغەز پۇل ئىش ھەققى كىرىمىدىكى بازاردىكى مال باھاسىنىڭ داۋالغۇشى سەۋەبى بىلەن تەسىرگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. بۇ تەدبىرلەر خېلى ياخشى ئۈنۈم بەردى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى مال باھاسىنىڭ داۋالغۇشى تولۇق توختىمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن قېپقالغان يامان خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، 1950-يىلىنىڭ باھار پەسلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە-ئىقتىسادنى بىرلىككە

كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت كەسكىن تەدبىرنى يولغا قويدى (بۇنىڭدىن بۇرۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى ئىستراتېگىيىلىك رايونلار مۇستەقىل بولۇپ، مالىيىسىمۇ مۇستەقىل ئىدى). مالىيە - ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە مالىيە - ئىقتىسادنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق دۆلەت مالىيىسىدىكى كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مالىيىدىكى كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى، ئىدارە ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ كوللېكتىپ سېتىۋېلىش كۈچى چەكلەنگەنلىكى ھەم ئىسكىلاتلارنى ئېنىقلاش قاتارلىق چارىلار قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، پۇل پاخاللىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توختاتتۇق، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلارنىڭ مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردۇق. 12 يىل داۋام قىلغان يامان خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقىغا مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز خاتىمە بېرىش بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى كەڭ خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق. شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاشلىق تاپشۇرۇش، باج تۆلەش، زايوم سېتىۋېلىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە مەدەت بەردى. بۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۇل پاخاللىقىنى توختىتىش ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولغان ياردىمى ئىنتايىن زور بولدى. يامان خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقىنىڭ توختىتىلىشى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنى يارىتىپ بەردى. 1949 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە مەملىكىتىمىزدە سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 145 پىرسەنت ئاشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 48.5 پىرسەنت ئاشتى. ئاشلىق، پاختا، كۆمۈر، پولات قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئەسلىگە كېلىش جەريانىدا راۋاجلاندى.

ئۈچ يىل ئىچىدە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يالغۇز سىياسىي جەھەتتىلا توغرى سىياسەت قوللىنىپ، چەتئەل مەبلەغلىرى، بيۇروكرات كاپىتال ۋە بازار ھايانكەشلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

گومىنداڭنىڭ تۆت چوڭ ئائىلە باشچىلىقىدىكى دۆلەت مونوپول كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى خەلق دېموكراتىك دۆلىتى ۋەكىللىك قىلغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە ئايلاندۇرغان ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يەر ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەركىبى پەقەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكى، دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ يەككە ئىگىلىكى، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكىدىنلا ئىبارەت بولدى. بۇ يەردە، خۇسۇسىي كاپىتال

www.uyghurkitap.com

بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، يەككە ئىگىلىك، بولۇپمۇ يەككە ئىگىلىك ئاساسىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بولسا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. شۇڭلاشقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ باش لۇشيەنىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز لېنىننىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىكى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىدە ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادىي يوسۇندا تەدبىقلىدى ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى كونكرېت شەرت - شارائىتلىرىنى، يەنى يەر ئىسلاھاتىدا يەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كەمچىل بولغان كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ جازانىخورلارنىڭ قايتىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچراشتىن، ھەتتا يەرلىرىنى رەنىگە قويۇش ۋە سېتىشقا مەجبۇر بولۇشتىن ساقلىنىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئۈچۈن، ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىشنى ئومۇميۈزلۈك تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭ كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىشنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇشتىن باشلىدى، ئاندىن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى باشلانغۇچ كوپېراتىپتىن تولۇق سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىۋىغا ئۆتۈش ئىشىنى ئورۇنلىدى. 1956 - يىلغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە 120 مىليون ئۆيلۈك دېھقانلارنىڭ 96.3 پىرسەنتى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە يەككە مۇلۈكچىلىك ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ دولقۇنى قول سانائەتنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەملىكەت بويىچە 6 مىليوندىن ئوشۇقراق قول سانائەتچى (قول سانائەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)

كوپېراتسىيىلىشىش ئارقىلىق 100 مىڭدىن كۆپرەك قول سانائەت ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنى كوپېراتىۋغا ئۇيۇشتۇرۇش.

پارتىيىمىزنىڭ كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە قاراتقان سىياسىتى بيۇروكرات دەللال كاپىتالىزمغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ. پارتىيىمىز كېيىنكىسىگە قارىتا، مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى، چۈنكى بيۇروكرات دەللال كاپىتالىزىم يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپتا خەلقنىڭ ئۈچ چوڭ دۈشمىنىنىڭ بىرى ئىدى، مىللىي بۇرژۇئازىيە بولسا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، بەزى چاغلاردا بىتەرەپ تۇردى، بەزى چاغلاردا بىزنى قوللىدى. شۇڭا، پارتىيىمىز مىللىي كاپىتال سودا سانائىتىگە قارىتا پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى قوللاندى. پارتىيىمىز ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزمنىڭ پرولېتارىيات مەلۇم شارائىتتا بۇرژۇئازىيىگە قارىتا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللانسا بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىسىنى، لېنىننىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا دۆلەت كاپىتالىزمىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىق قىلدى ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت شارائىتىغا ئاساسەن، كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە قارىتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە چەكلەش داۋامىدا، قەدەممۇ - قەدەم سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. دۆلەت كاپىتالىزمىنىڭ تۆرلۈك ئوتتۇرىچى شەكىللىرى ئارقىلىق، قەرەلسىز سېتىۋېلىشنى، ئىشلەتكۈزۈشنى، ھالدا پىلانلىق تۈردە كاسسىغا بېرىش، مال زاكاز قىلىش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش — ھوددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش، يولغا كىرگۈزدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ شېرىكلىشىشنى يولغا قويىدىكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىگەندىكى سودىغا قارىتا سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىشنى ھاۋالە قىلىشنى يولغا قويىدىكى، چوڭ كۆلەمدىكى خۇسۇسىي سودىدىمۇ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى ئىشقا ئاشۇردى، 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە خۇسۇسىيلار ئىگىلىگەندىكىنى 60 مىڭدىن ئارتۇق زاۋۇت ۋە 280 مىڭ چوڭ تىپتىكى خۇسۇسىي سودا دۇكىنىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، خۇسۇسىيلار ئىگىلىگەندىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق كىچىك زاۋۇت ۋە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇششاق تىجارەتچىمۇ كوپېراتسىيىلىشىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئاساستا ئۆزگەرتىلدى. كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشى مۇرەككەپ ۋە كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە يەر ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلاندى. كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ دۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇ -

ئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ئىجادى يوسۇندا ئاقان جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرى يول بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆز-گەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى پارتىيەنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنىڭ تامامەن توغرىلى-غىنى ئىسپاتلىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى غايەت زور سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بولۇپ، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە چوقۇم مۇۋاپىق كېلىشى لازىملىغى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتنىڭ جانلىق ئىپادىسىدۇر، جۇڭگو خەلقى بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق سوتسىيالى-زىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى، خەلق ئىگىلىگىنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى ۋە ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ نىيەتلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن دولىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىگىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ پارلاق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭمۇ پارلاق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندىكى ئاساسىي ۋەزىپە ئاساسىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 156 ئورۇن مەركەز قىلىنغان، چەكلەنگەن سادىن يۇقۇرى بولغان 649 قۇرۇلۇش ئورنىدىن تەركىب تاپقان سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، دولىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ئورنىتىش ئىدى. ئەسلىدە چەكلەنگەن سادىن يۇقۇرى بولغان زاۋۇت - كان تۈرىدىن 694 گە ئىش باشلاش، 455 نى پۈتتۈرۈش بەلگىلەنگەن؛ ئەمدى ئەمەلىيەتتە ئىش باشلانغانلىرى 921 گە يەتتى؛ 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 428 ئورۇن پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ 109 ئورۇن ئىشلەپچىقىرىشقا قىسمەن كىرىشتى. يېڭى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىكى ۋە ئەسلىدىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرغانلىقى، يېزا خەلقى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ھەمكارلىشىش - كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش داۋامىدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تازا تېز سۈرئەت بىلەن ئاشتى. بۇنىڭغا مىسال: پولات مەھسۇلاتى 1957 - يىلدىكى 1959 - يىلدىكى بىر مىليون 350 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، 5 مىليون 350 مىڭ تونىغا يەتتى؛ ئاشلىق مەھسۇلاتى 1952 يىلدىكى 327 مىليارت 800 مىليون جىڭدىن

ئېشىپ، 1957 - يىلى 390 مىليارت جىڭغا يەتتى؛ پاختا يەنى 1952 - يىلدىكى 3 مىليون 620 مىڭ كاللەكتىن ئېشىپ، 1957 - يىلدىكى 4 مىليون 650 مىڭ كاللەككە يەتتى. سۈرئىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە، مەملىكەت بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 19.6 پىرسەنتتىن ئېشىپ باردى؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 4.8 پىرسەنتتىن ئېشىپ باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشتىكى نەتىجىسى ھەممىگە ئايان. «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا «ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر قەدەر تېز، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىر قەدەر ياخشى بولدى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت بىر - بىرىگە خېلى ماسلاشتى. بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم بولدى. خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى» دەپ قارالدى. بۇ پاكىتقا تامامەن ئۇيغۇن. بەش يىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇنداق تەرەققىي قىلىشىنى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى كونا جۇڭگودا تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» خاتالىقى، شۇ چاغدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ خىيانەتكارلىق بىلەن توختاملارنى يىرتىپ تاشلىغانلىقى تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، دۆلەت ۋە خەلق قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. پارتىيە بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىكىگە قارىتا «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى بەلگىلەپ، بىر قاتار توغرى سىياسەت ۋە كەسكىن تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. پولات ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى تۆۋەنلەتتى؛ خېلى ئۇزۇن سوزۇۋېتىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىگە قارىتا «بىر تۈركۈمنى ساقلاپ قېلىش، بىر تۈركۈمنى توختىتىش» تەدبىرىنى يولغا قويدى. يېزىلاردا، پارتىيە بەلگىلىگەن 60 ماددا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە بازار سودىسى قويۇۋېتىلدى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەنگەن، ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان 3 يىللىق تەڭشەش ناھايىتى تېزلا ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شۇ چاغدىكى قىيىن ۋەزىيەت ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىلدى. يولداش جۇ ئېنلەينىڭ 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»دا: «ھازىر، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇنلىنىپ بولدى، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى بەلكى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ» دەپ جاكالىدى. پاكىت دەل شۇنداق ئىدى. 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.7 پىرسەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتنىڭ يىللىق ئېشىشى 17.9 پىرسەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشى 11.1 پىرسەن بولدى، مىللىي دارامەت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 14.5 پىرسەن ئاشتى. بۇ، ئېشىشلار، تەبىئىيكى، خېلى زور دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئېشىش ئىدى 1965 - يىلىغا كەلگەندە، خەلق ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى، پولات مەھسۇلاتى 12 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى؛ نېفىتتە شۇ يىلدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى تولۇق تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇ (بۇ، جۇڭگو تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىش)؛ ئاشلىق مەھسۇلاتى 430 مىليارت جىڭغا يېقىنلاشتى. ئەگەر مۇشۇ پۇختا، ئاكتىپ فاڭجېن بويىچە داۋاملىشىۋەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان، پۇختا ۋەزىيەتتە جەزمەن يەنە ئالغا باسقان بولاتتى. ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ جەريانىغا نەزەر سالغاندا، 1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان بەش يىل جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، ۋاھالەنكى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر «سول» چىل ئىدىيىنىڭ پاراكەندىچىلىكى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بولغان 10 يىل دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان 10 يىل بولدى. 1976 - يىلى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ئۇزۇندىن بۇيان خەلق ئىگىلىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ كەلگەن "سول" چىل يېتەكچى ئىدىيىدىن ھېساپ ئېلىش كېرەك ئىدى لېكىن شۇ چاغدا چوڭ ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان يولداش ئىككى "ئومۇمەن" دە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تېخى پارتىيە ۋە دۆلەتكە بالايى - ئاپەت خاراكتېرىدىكى بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن ئاشۇنداق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى يەنە داۋاملىق بىر قانچە نۆۋەت ئېلىپ بېرىش لازىملىقىدا چىڭ تۇردى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچى بىلەن ھېساپلاشماي چوڭ ئىشلەپ ۋە تېز ئۇرۇلەشتە، تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەپ قارامىلىق بىلەن ئىشلەشتە يەنىلا چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئىگىلىكى داۋاملىق بالايى - ئاپەتكە ئۇچراۋەردى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا كەلگەندە، ئاندىن مەركىزىي كومىتېت پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قەتئىي ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، پۈتۈن پارتىيىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلى ئىچىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ھەمدە خەلق ئىگىلىكىدىكى نىسبەتلەرنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ماسلاشماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ 1979 - يىلدىن باشلاپ بىر قانچە يىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىكىدە تەڭشەش،

ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، فاكتچىلىقنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىككى يېرىم يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي دارامەتتىكى نىسبىتىنى قىسقارتىش جەھەتتە، بەك ئۇزۇن سوزۇۋېتىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى قىسقارتىش جەھەتتە، يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، بولۇپمۇ يېزىلاردا» مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بېـ رىش» نى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، دەسلەپكى قەدەمدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، 1980-يىلى يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (234 مىليارت 400 مىليون يۈەن) ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 18.4 پىرسەنت ئاشتى، يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن سانائەت ئومۇمىي سانائەت قىممىتىدە ئىگەللىگەن سالمىقى 1979-يىلدىكى 43.1 پىرسەنتتىن 1980-يىلدىكى 46.9 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى. يېزىلاردا، مەھسۇلات ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرىگە بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1980-يىلى جەنۇبتا ھۆللۈك، شىمالدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، شۇ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 63 مىليارت 400 مىليون جىڭغا يېتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان 1979-يىلدىن قالسا، ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان ئىككىنچى يىل بولدى. پاختا مەھسۇلاتى 54 مىليون 140 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.7 پىرسەن ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت بىر قانچە خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىـ ۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ دارامىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى. 1980-يىلى مەملىكەت بويىچە 1 مىڭ 622 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن تەقسىم بولغان دارامەت 300 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 300 يۈەندىن تەقسىم قىلىنغانلارنىڭ دارامىتى 1979-يىلى مەملىكەت بويىچە گۈڭشې ئەزالىرىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگەن 84 يۈەننىڭ تەخمىنەن 4 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1981-يىلى بەزى رايونلاردا گەرچە ئىنتايىن ئېغىر سۇ ئاپىتى (مەسىلەن، سىچۈەندە) يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئاشتى، بۇ يىل ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن تۆۋەن بولماسلىقى مۇمكىن، پاختا، شېكەر، ياغلىق دان، ۋە - خام تاماكىنىڭ مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئېشىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى گۈللەپ يېتىشىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. يېزا نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر يېزا ئىقتىسادىدا مۆلچەرلىگۈسىز تەرەققىيات بولماقتا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،

ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. مانا بۇ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى، تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش فاڭجېنىنىڭ توغرىلىقىنى، ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 2. 32 يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى 1957 - يىلدىن كېيىن «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ يىللىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە ئون يىللىق بالايى - ئاپەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە تېخىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. شۇنداق بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى يەنىلا ھەر خىل پاراكەندىچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىقلار جەريانىدا ئالغا بېسىۋەردى.

سانائەت جەھەتتە، «مۇستەقىل، بىر قەدەر بولغان مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى پەيدىن - پەي بەرپا قىلدۇق. 1980 - يىلى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى ئورۇنلانغان 1952 - يىلدىكىگە قارىغاندا مەملىكەت بويىچە سانائەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى ئەسلى باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 26 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، 410 نەچچە مىليارت يۈەنگە يەتتى؛ پاختا يىپ مەھسۇلاتى 3.5 ھەسسە كۆپىيىپ، 2 مىليون 930 مىڭ توننىغا يەتتى؛ كۆمۈر مەھسۇلاتى 8.4 ھەسسە ئېشىپ، 620 مىليون توننىغا يەتتى، توك مىقدارى 40 ھەسسە ئېشىپ، 300 نەچچە مىليارت كىلوۋات - سائەتكە يەتتى؛ نېفىت مەھسۇلاتى 105 مىليون توننىدىن ئاشتى: پولات مەھسۇلاتى 37 مىليون توننىدىن ئاشتى؛ ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 53 ھەسسە كۆپىيىپ، 127 مىليارت يۈەندىن ئېشىپ كەتتى». ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى كونا جۇڭگودا زادىلا مەۋجۇت بولمىغان بىر مۇنچە سانائەت تارماقلىرى، مەسىلەن، ئايروپىلان ياساش ۋە ئاپتوموبىل ياساش سانائەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سانائەتلەر بۇ 30 يىل جەريانىدا بەرپا قىلىندى. تەبىئىي بايلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى. «تۆمۈريول، تاشيول، سۇ ترانسپورتلىرى، ھاۋا قاتناش ئىشلىرى ۋە پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى».

«يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە سۇغۇرۇلىدىغان يەر كۆلىمى 1952 - يىلدىكى 300 مىليون مودىن كېڭىيىپ، ھازىر 670 نەچچە مىليون موغا يەتتى، چاڭجياڭ، خۇاڭخې، خۇەيخې، خەيخې، جۇجياڭ، لياۋخې، سۇڭخۇاجياڭ قاتارلىق چوڭ دەريالاردا يۈز بېرىدىغان ئادەتتىكى كەلكۈن ئاپىتى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يېزىلاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ئېلېكتىر قۇۋۋىتى يوق دېيەرلىك ئىدى،

ھازىر دېھقانچىلىق تىراكتورلىرى، سۇ تۇرۇش، سۇ چېچىش ماشىنىلىرى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت كۆپلەپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى، ئىشلىتىلىدىغان توك مىقدارى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەملىكەت بويىچە ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارىنىڭ 7.5 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1952 - يىلىدىن كېيىنكى سېلىشتۇرغاندا، 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق بىر ھەسسىگە يېقىن، پاختا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. نوپۇس بەك تېز كۆپىيىپ، ھازىر بىر مىليارتقا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى ئاساسەن قامدىدۇق.»

«شەھەر، يېزا سودىسى ۋە تاشقى سودا ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1952 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1980 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سودىدا سېتىۋېلىنغان ماۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليارت 500 مىليون يۈەندىن 226 مىليارت 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.9 ھەسسە ئاشتى؛ پارچە سېتىلغان ئىجتىمائىي تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليارت 700 مىليون يۈەندىن 214 مىليارت يۈەنگە يېتىپ، 6.7 ھەسسە ئاشتى. دۆلەتنىڭ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1980 - يىلى 1952 - يىلىدىكىدىن 7.7 ھەسسە ئاشتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ياخشىلاندى. 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيىسى، مال باھاسى ئامىللىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 1952 - يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.»

«مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1980 - يىلى، مەملىكەت بويىچە ھەر خىل پۈتۈن كۈنلۈك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 204 مىليونغا يېتىپ، 1952 - يىلىدىكىدىن 2.7 ھەسسە كۆپەيدى، 32 يىلدىن بۇيان، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا 9 مىليونغا يېقىن ئىختىساسلىق خادىم يېتىشتۈرۈلدى، يادرو تېخنىكىسى، سۈنئىي ھەمراھ ۋە توشۇغۇچى راكېتا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

«ئوتكۇر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تىزگىنلەندى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى. شەھەر ۋە يېزا خەلقىنىڭ سالامەتلىكى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئوتتۇرىچە ئۆمرى زور دەرىجىدە ئۇزاردى». ھازىر مەملىكىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 68 ياش بولۇپ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكىدىن بىر ھەسسىدەك ئۇزاردى.

پاكىت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. 32 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن زور، ئىنتايىن ئۇلۇغ. بۇنى قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، نەتىجە ئاساسىي ئورۇندا، بىرىنچى ئورۇندا

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ. «مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە سەل قاراش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش»، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھاسىل قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىمىزگە سەل قاراش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش، ئېغىر خاتالىق بولىدۇ. ناھايىتى چۈشىنىشلىككى، ئەگەر رەھبەرلىك ئىرادىچىلىك خاتالىقىنى ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قارىملىق بىلەن ئىلگىرىلەشتەك «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيە خاتالىقىنى ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئەگەر 3 يىللىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە 10 يىللىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىز سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشتا چوقۇم ھازىر قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتۇق! سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ھازىرقىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۈچلۈك نامايان بولغان بولاتتى! سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشىمىز زۆرۈر.

### 3. «سول» چىل ئىدىيىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى كاشىلىسى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، قارىملىق بىلەن ئىلگىرىلەش، تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇشتەك «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىشتىكى ئاساسىي سەۋەبتۇر. 1957 - يىلدىن ئىلگىرى بۇنداق كاشىلىنىڭ تەسىرى ئېنىق كۆرۈلمىگەن؛ 1957 - يىلدىن كېيىن بارغانسىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى.

بىرىنچى بەش يىللىق پىلان ئىجرا قىلىنىۋاتقان كېيىنكى مەزگىلدە - پارتىيىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا (1956 - يىلى كۈزدە) يولداش جۇئېنلەي تەنتەنىلىك ھالدا ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپتە جۇغلانما نىسبىتى 25 پىرسەنت قىلىپ بېكىتىلدى، پولات مەھسۇلاتىنى 1957 - يىلدىكى 5 مىليون 350 مىڭ توننىدىن 6 مىليون 200 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 390 مىليارت جىڭدىن 500 مىليارت جىڭغا يەتكۈزۈش بەلگىلەندى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تەسەۋۋۇر ئاكتىپ ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر ئىدى، شۇ چاغدا دۆلەت يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. لېكىن، 1957 - يىلى كۈزدە ۋە 1958 - يىلى قىشتا «سول» چىل ئىدىيىدىكىلەر «قارىملىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش»نى تەنقىد قىلىپ، يولداش جۇئېنلەينىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بۇ تەكلىۋىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلدى، 1958 - يىلدىن باشلاپ «سول» چىل يېتەكچى

ئىدىيىدىكىلەر ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە سەل قارىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قارىدى، دۆلەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارىغا سەل قارىدى، بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇقىرى سۈرئەتنى تەكىتلەپ، بىر يىل ئىچىدە «بىر باراۋەر ئاشۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى جايلاردا قانداقتۇر كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش، ھەر مو يەردىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتىنى تۈمەن مىڭ جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش، (بەزى جايلار يالغاندىن شالنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 122 مىڭ جىڭغا يەتتى، دەپ مەلۇم قىلىپ تەقدىرلەنگەن)، پۇلسىز تاماق يېيىش، ھەتتا قانداقتۇر «ئادەمنىڭ جاسارىتى قانچە چوڭ بولسا، يەردىن شۇنچە جىق ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن شوئارلار ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. سولچىل يېتەكچى ئىدىيە تۆۋەندىكىلەرنى يالغان سۆزلەشكە، يالغان مەلۇمات بېرىشكە ئىلھاملاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى بۇزۇۋېتىلدى. يالغان سۆز ۋە يالغان مەلۇماتلار سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرالمىدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئۆستۈرەلمىدى. ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى «بىر باراۋەر ئاش-مايلا قالماستىن، ئەكسىچە، بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىدىكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن-لەپ كەتتى، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا ئاران 0.6 پىرسەنت ئاشتى. پولات مەھسۇلاتى سۈپەت ئۆلچىمى تۆۋەنلىكىدىن كېيىنمۇ، ئاران 8 مىليون توننىغا يەتتى. بۇ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، پەقەت سۇبيېك-تىپ ئارزۇنى ئاساس قىلغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرمايلا قالماستىن، بەلكى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمىدىمۇ؟

«سول»چىل خاتالىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» خاتالىقى بىلەنلا توختاپ قالمىدى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1959 - يىل 7 - ئايدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ لۇشەن يىغىنىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگىچە، يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سېزىۋېلىنغان خاتالىقلارنى تىرىشىپ تۈزەتتى، يولداش ماۋزېدۇڭ ۋۇچاڭ يىغىنى ۋە 1959 - يىل 3 - ئايدىكى جېڭجۇ يىغىنىدا «سول»چىللىق خەۋپىنى، مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى ۋە كوپتۇرمىچىلىك شامىلىنى تەنقىد قىلدى. 1959 - يىل كۈزدىكى لۇشەن يىغىنىدا ئەسلىدە «سول»چىل ئىدىيە پىپەن قىلىنماقچى ئىدى، لېكىن، لۇشەن يىغىنىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە تويۇقسىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئوتتۇرقارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇلغان «ئوڭ ئاغما-چىلىققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، يولداش پېڭ دېخۇەينى خاتا ھالدا پىپەن

قىلىش ھەرىكىتى قوزغىلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە خاتا ھالدا «ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى» قانات يايدۇرۇلدى. بۇ كۈرەش سىياسىي جەھەتتە، مەركەزدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، «سول»چىل خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ جەريانىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، خاتالىقنى تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، بېزىلاردىكى قارغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشنى، بىر نەچچىدىن تەڭ-شەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەشتەك «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش» شاماللىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ھەر يىلى 3·8 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتتى. پارتىيە 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خەلق كوممۇنىنىڭ مۇلۇكچىلىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن-لىكى توغرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىغىندا يەنىلا بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇك-چىلىكىگە ئۆتۈش تەلەپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكىدە ئاتالمىش «نامرات ئۆتۈش»، كەمبەغەللىشىشنىڭ ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلدى، نەتىجىدە خەلق ئىگىلىكى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

1962-يىلدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تەڭشەش، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىكى 1965-يىلى ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. لېكىن 1669-يىلى 5-ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ شەخسەن ئۆزى قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىدى. ئۈچىنچى بەش يىللىق پىلان (1966-1970) ۋە تۆتىنچى بەش يىللىق پىلان (1971-1975) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈ-ۋېلىش، ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن «سول»چىل ئىدىيىنى چېكىگە يەتكۈزۈۋەتتى. 1967-يىلى سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 13·8 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتتى، 1968-يىلى يەنە 5 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇ بىر يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى 2·5 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتتى. 1969-يىلدىن 1970-يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش ساندا سەل-پەل ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى يالغانچىلىق خېلى ئېغىر بولدى. تۆتىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە، سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق ئېشىش نىسبىتى 7·8 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 9·1 پىرسەنت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 4 پىرسەنت بولدى، 1975-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركەزنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە، خەلق ئىگىلىكى ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئاشلىق مەھسۇلاتى 1974-يىلدىكى 550 مىليارت جىڭدىن كۆپىيىپ، 596 مىليارت جىڭغا يەتتى، پولات مەھسۇلاتى 1974-يىلدىكى 21 مىليون توننىدىن كۆپىيىپ، 24 مىليون تونن-

غا يەتتى ئېكەن، 1976 - يىلى يولداش جۇئېنلەينىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى "5 - ئاپرېل" ھەرىكىتىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خىزمەتتىن مەھرۇم قىلىندى. "دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش"، "ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتارما زەربە بېرىش"، "پىتنە - ئىغۋالارنى سۈرۈشتە قىلىش" دېگەن نىمىلەر كىشىلەرنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى، 1976 - يىللىق مىللىي دارامەتنىڭ ئومۇمىي سانى 1975 - يىلدىكىدىن 2.7 پىرسەنت كېمىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتنىڭ 3.5 پىرسەنت، ترانسپورتنىڭ 4.2 پىرسەنت، سودىنىڭ 6 پىرسەنت كېمىيىپ كەتتى. جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ھەرخىل تەتۈر قىلمىشلىرى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نابۇت قىلىۋەتكەچكە، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى يىمىرىلىش گىردابىغا ئېلىپ بېرىشقا تاسلا قالدى.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدا "سول"چىللىق خاتالىقى يەنىلا داۋام قىلدى. شۇ چاغدا چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن يولداش 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا پۈتۈنلەي ئاساسسىز ھالدا بىر قانچە يىل ئىچىدە چوڭ پولات - تۆمۈر بازىسىدىن 10 نى، چوڭ رەڭلىك مېتال بازىسىدىن 9 نى، چوڭ كۆمۈر بازىسىدىن 8 نى، چوڭ نېفىت - گاز بازىسىدىن 10 نى، چوڭ ئېلېكتىر ئىستانسىدىن 30 نى قۇرۇشنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1978 - يىلى بىر يىل ئىچىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىدىن تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن تېخنىكا تۈرلىرىدىن 22 نى كىرگۈزۈش توغرىسىدا توختام ئىمزالاندى. جۇغلانمىنىڭ مىللىي دارامەتتە ئىگىلىگەن سالمىقى 1977 - يىلدىكى 32.3 پىرسەنتتىن بىراقلا كۆپىيىپ، 1978 - يىلدىكى 36.6 پىرسەنتكە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، "سول"چىل يېتەكچى ئىدىيىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئادەم شەرتى بىلەن ماددىي شەرتنى ئۆز - ئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم ماددىي شەرتنى يارىتىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ پائالىيىتى ماددىي شەرتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر يېتەرلىك مىقداردا بىنا كارلىق ماتېرىياللىرى بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىش قىيىن بولىدۇ. ۋاھالەنكى "سول"چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇبالىغە قىلىپ، پەقەت ئادەم بولسىلا مۆجىزە يارىتالايدۇ، دەپ قارىدى. "سول"چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر ئىھتىياجنىلا دەپ، ئىمكانىيەتنى نەزەرگە ئالمىدى. سۇبيېكتىپ ئاكتىپچانلىقنىلا تەكىتلەپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى تېخنىكا شەرت - شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە

ئېغىمۇ قارىماي قارىغۇلارچە يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلاشتى.

2. ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق ھالدا، نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئىدى، لېكىن «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر تەڭپۇڭلۇق مۇقەررەر ھالدا تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇزۇلىدۇ — دېگەن قائىدىنى ئاساس قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتتى. تەڭپۇڭلۇقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقى — ھەقىقەت، لېكىن تەڭپۇڭسىزلىقمۇ مۇقەررەر ھالدا يېڭى تەڭپۇڭلۇققا ئالمىشىدۇ، تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇتلەق ئىكەن، ئۇ ھالدا، تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئورنىنى يېڭى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېلىشى مۇتلەق ئەمەسمىكەن؟ شۇڭلاشقا، تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ مۇتلەقلىقىنى تەكىتلەش، بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بولۇپ، ئۇ زىددىيەتنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنىلا كۆرۈپ، زىددىيەتنىڭ بىرلىكىنى كۆرمىگەنلىك. «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر ھەتتا تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان «كاۋاك» نىمۇ قانداقتۇر ئاكتىپ تەڭپۇڭلۇق دەيدى. مۇشۇ سوز بويىچە ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك خەلق ئىگىلىكىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان تەڭپۇڭلۇقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سوتسىيالىستىك خەلق ئىگىلىكىگە پەقەت نىسبەتنىڭ تەڭكەشسىزلىكى ئىچىدە دومىلاشقا توغرى كېلىدۇ، لېنىن بىزگە تەلىم بېرىپ: «دائىم، ئاڭلىق تۈردە ساقلىنىدىغان تەڭپۇڭلۇق ئەمەلىيەتتە پىلانچانلىقتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەرنىڭ تەسلەپ قىلغىنى قەستەن نىسبەتتە تەڭكەشسىزلىك پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش بولدى. لېنىن كۆرسەتكەن پىلانچانلىق، ئاڭلىق تۈردە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش قەيەرگە كەتتى؟

3. سولچىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇشنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى قىلىۋالغان ئىكەن، ئۇلار ئىقتىسادىي مەسىلىنى مۇقەررەر ھالدا مەمۇرىي ئۇسۇل بىلەن، ھەتتا ھەربىي ئۇسۇل (چوڭ ئۇچرىشىش جېڭىگە ئوخشاش) لار بىلەن بىرياقلىق قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشقا مەمۇرىي ئۇسۇل ياكى ھەربىي ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدىكەن، ئۇ، ھالدا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش ھەققىدە سوز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە دىققەت قىلماسلىق ئىللىتى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا، چوڭ قوللۇق قىلىپ، ئىقتىسادىي ھېساۋات بىلەن كارى بولماسلىق؛ يەنە بىرى، شەكىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قانائەتلىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۇنتۇش، نەتىجىدە مەھسۇلاتنىڭ يارامسىز بولۇشىنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش. بۇ ئىككى خىل ئىللەتنىڭ ھەممىسى ئىسراپچىلىق بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلققە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان يەتكۈزىدۇ.

4. «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن يۇقىرى سۈرئەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش نامى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىگە زىيان

يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئامال بولمىدى، ئۇستۇرۇش ھەققىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى، ئۇلار بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن جۇغلانما فوندىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال فوندىنىڭ سالمىقىنى تۆۋەنلەتتى. ئىستېمال فوندىنى تۆۋەنلىتىش نەتىجىسىدە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال ۋاستىلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قىيىنلاشتى، بۇنداق ئەھۋالدا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خەلقنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسىدىنى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسۇن؟ شۇڭا جۇغلانما سالمىقىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئاشۇرۇش، بىرىنچى تۈردىكى ئىشلەپچىقىرىشنى يەككە - يېگانە ھالدا ئالدىن راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلى "ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلەپچىقىرىش" ئېلىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئېيتىش كېرەك. شۇنداق ئىكەن، "ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلەپچىقىرىش" سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى بولالامدۇ؟

5. ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئاساسلانغاندا، شەخسىي مەنپەئەت ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. لېكىن بۇنىڭ بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. "سول" چىل خاتا ئىدىيىدىكىلەر شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ھازىرقى مەنپەئەتنى مۇتلەق ئىنكار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن يېزىلاردىكى قالدۇرۇق يەر ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرى "كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى" قىلىپ قويۇلۇپ، قىرقىپ تاشلانمىدىمۇ؟ مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەرگە ئالمايدىغان شەخسىيەتچىلىك يوشۇرۇن ھالدا ئۇسۇپ قالدى.

6. "سول" چىل ئىدىيىدىكىلەر سۈپەت ئۆزگىرىشىنىلا بىلىپ، سان ئۆزگىرىشىنى بىلمىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشىنىلا بىلىپ، تەدرىجىي ئۆزگىرىشنى ئىنكار قىلدى، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، سۈپەت ئۆزگىرىشى سان ئۆزگىرىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ، ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش تەدرىجىي ئۆزگىرىشنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. خىيالىغا كەلگىنىچە "ناھايىتى ئۇتتۇش"نى يولغا قويۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزمەيلىچە ئۆزگەرتىش بۇنىڭ دەل گەۋدىلىك تىپى. شۇڭلاشقا، بۇنداق قىلغۇچىلار كوپېراتىپ ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاڭ سەۋىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە بىر تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى بولۇشى كېرەك، شۇ ئارقىلىق ئاندىن ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنى ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇرۇنىدىغان "سول" چىل يېتەكچى ئىدىيىدىكىلەر دەل ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ۋە سان ئۆزگىرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىكى سان ئۆزگىرىشىنى ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىشنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىگەن سۈپەت ئۆزگىرىشى ۋە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنىمۇ ئىنكار قىلدى.

٧. «سول» چىل خاتا ئىدىيە كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزىم توغرىسىدىكى تونۇشىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى «بېيىسا شىۋجېڭجۇيىلىشىپ كېتىدۇ، نامرات بولسا ئىنقىلابچى بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ دارامەتنى ئاشۇرغانلارنى كاپىتالىزىمنىڭ ئاۋانگارتلىرى دەپ ھېسابلىدى، مۇنداق ئەھۋالنى «ئىككى قۇتۇپقا بولۇنۇش» نىڭ يېڭى يۈزلىنىشى دەپ قارىدى، «سول» چىل ئىدىيىدىكىلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىدى كوپچىلىكنى ھېچنەرسىسى يوق بىر خىل نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىشتىن، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ دارامەتنى ئاشۇرغان بىرقىسىم كۆكشى ئەزالىرىنى «كاپىتالىزىمنىڭ ئاۋانگاردتلىرى» سۈپىتىدە كېسىپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. «سول» چىل ئىدىيىدىكىلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، پەقەت ھەممەيلەندىن ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى پەسەيتىپ، ئاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلىدىكەن، بىر قىسىم ئاكتىپ ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇلىدۇ، دۇشۇنداق بولغاندا، تەرەققىيات جەريانىدا تۇرمۇش جەھەتتە پەرق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك پىرىنسىپ يولغا قويۇلغاندا، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىق دەرىجىسىدە پەرق بولۇشى مولچەرنىڭ ئىچىدىكى ئىش. بىز پەقەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىدىغان، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئارقىدا قالغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئۈگىنىشىگە تۈرتكە بولمايدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا ئىككى قۇتۇپقا بولۇنۇشتىن خالى بولالايمىز. ئىلگىرىرەك بېيىغان كۆكشى ئەزالىرى ئارقىدا قالغان كۆكشى ئەزالىرىغا قارىتا بىر خىل يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ (بۇ يەردە، ئىلگىرىرەك بېيىغان كۆكشى ئەزالىرى دېگىنىمىزدە، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەك مىۋىسىگە تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ھايانكەشلىك قىلىش، خىيانەت قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش ئارقىلىق بىردىنلا بېيىغان ئائىلىلەرنى دۆلەت قاتتىق مەنئى قىلىشى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى لازىم). ماركىس كوممۇنىزىمغا يەتكەندە «جەمئىيەت بايلىقىنىڭ ھەممە بۇلاقلىرى تولۇق ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئىدى. كوممۇنىزىمغا يەتكەندە، جەمئىيەت ئۆز بايرىقىغا «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» دېگەننى يېزىپ قويىدۇ. سوتسىيالىزىم — كوممۇنىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى، ئەگەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىر خىل نامرات، قالاق جەمئىيەت بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، قانداقمۇ سوتسىيالىزىمدىن ئۆتۈپ، ماركىس ئېيتقان «جەمئىيەت بايلىقىنىڭ ھەممە بۇلاقلىرى ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ» غان جەمئىيەتكە يېتىپ بارالايمىز ھەمدە قانداقمۇ «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئېھتىياجىغا قاراپ

تەقسىم قىلىنىدىغان. كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز؟ دېمەك، «سول» چىل خاتا ئىدىيىدىكىلەرنىڭ «نامرات بولسا ئىنقىلابچى بولىدۇ، باي بولسا شىۋجىڭجۇيىلىشىپ كېتىدۇ»، بىر قىسىم گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئاساسەن بېيىشى «ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش» تىن ئىبارەت، پەقەت باي بولۇشنىڭ «ئاۋانگارتلىرى» نى كېسىپ تاشلىغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، ۋاھاكازا دېگەنلىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كوممۇنىزمغا ئۆتۈپ بېرىشنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. چۈنكى بۇ خىل خاتا ئىدىيىدىكىلەر سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتىدىغان يولنى ئۈزۈۋەتكەن. «سول» چىل ئىدىيىدىكىلەرنىڭ «نامراتلىق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى»، «بېيىغانلار شىۋجىڭجۇيىلىشىپ كېتىدۇ نەزەرىيىسى» روشەنكى تارىخىي ماتېرىيالىزىم قاراشلىرىغا پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشىدۇر. بۇنداق ئىدىيە ئۇششاق دىخان ئىگىلىكىنىڭ قالاق ئىدىيىسى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تەڭ تەقسىماتچىلىقنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدۇر، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىغا، ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئىلمىي سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان توغرى ئىدىيە ئەمەس.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخ ناھايىتى چۈشىنىشلىككى، ھېچكىمنىڭ 32 يىلدا خەلق ئىگىلىكى ھەممىلا ۋاقىتتا «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغان، مۇشۇ 32 يىل جەريانىدا خەلق ئىگىلىكىگە باشتىن-ئاخىر سول چىل يېتەكچى ئىدىيە سىڭگەن، دەپ تونۇۋېلىشىغا ئاساسى يوق. ئەمما ئۈچ يىللىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، ئون يىللىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، سولچىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا سالغان كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەگەر «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى بولمىغان بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىنغان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تېخىمۇ پۇختا ئېلىپ بېرىلغان، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلانغان بولاتتى. يەنى، ئەگەر «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزىم ئىشلىرى مۇقەررەر ھالدا ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى.

4. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى

«دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلەردىكى تەجرىبىلەر، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ساۋاقلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان ئاساسىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن، «قارار» دىكى يەكۈن ئىنتايىن تولۇق، ئىنتايىن جايىدا يېزىلغان. مەن ئەمدى

پەقەت ئىقتىسادىي ساھە دائىرىسىدىلا شەخسىي كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:
1) «قارا»دا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ
سۈپىتىدە يوقىتىلغاندىن كېيىن، سىنىپى كۈرەش مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت
بولۇشتىن قالدى، مەملىكىتىمىزدە ھازىر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي زىددىيەت —
خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەتتە ھەل قىلىنى-
دىغان ئاساسىي مەسىلە — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسەتچانلىقىنىڭ تەلەپلىرىدۇر.
شۇڭلاشقا، «ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلەپچىقىرىش» ئۇسۇلى، يەككە - يېگانە ھالدا بىرىنچى
تۈردىكى ئىشلەپچىقىرىشنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەتتا بىرىنچى تۈرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر
قايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدا «ئۆز - ئۆزىنى ئايلىنىش»نى شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلى سوتسى-
يالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىككىلەنگەنلىكىگە خىلاپ، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزدە ھازىر ھەل
قىلماقچى بولغان ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ۋەزىپىلىرىگىمۇ خىلاپتۇر. ناھايىتى چۈشىنىشلىككى، بۇ
ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور
دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاج-
لاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىستېمال ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى نىسبەت-
لىك، پىلانلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇش لازىم. خەلق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك، چۈنكى ئىستېمال
ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان
ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ؛ لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىش-
لەپچىقىرىشتىن ئايرىلغاندا، ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى تارماقلارنى راۋاجلاندۇرۇش
قىيىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى يەككە - يېگانە ھالدا راۋاج-
لاندۇرۇشنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىردىن بىر يۆنىلىشى قىلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس.
2) «سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا چوقۇم ئەللىمىزنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇ-
تۇپ، مادارىمىزغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، پائال كۈرەش قىلىشىمىز، ئامانۇللاشتۇرۇش نىشانىنى قەدەممۇ-
قەدەم، باسقۇچلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.» ھازىر يەنە بىر نۇقتا يولداشلار ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشتا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى ئىشلەپچىق-
رىش كۈچلىرىنى كۆپەيتىش لازىم دەپ قارىماقتا. ئاساسىي قۇرۇلۇش - ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-
رىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپى، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق كۆپەي-
تىلمەيدۇ لېكىن بۇ بىردىن بىر چارە ئەمەس. ئەمەلىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق-
كۆپەيتىكەندىن تاشقىرى، مەزمۇننى كېڭەيتىش ئارقىلىقمۇ كۆپەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىمىدى. ماركس: «ئەگەر ئىشلە-

لەپچىقىرىش ئورنى كېڭەيتىلگەن بولسا، ئۇ، دائىرە جەھەتتىكى كېڭىيىش بولىدۇ؛ ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلگەن بولسا، بۇ مەزمۇن جەھەتتىكى كېڭىيىش بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش دائىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا قارىغاندا كۆپ تېجەشلىك بولۇشى مۇمكىن. مەيلى يەر، ئۆسكۈنە، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلار قايسىسىدا بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىشنى مەزمۇن جەھەتتىن ئاشۇرۇش دائىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاشۇرۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن. لېكىن قالاق تېخنىكا ئارقىلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشقا، تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. بەلكى يېڭى تېخ- نىكا ئارقىلىق تېخنىكا جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئالغا باستۇرغىلى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈر- گىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ئىشلەپچىقىرىشنى دائىرە جەھەتتىن كېڭەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ زورۇرلۇقىنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمىز؛ بەلكى دائىرە جەھەتتىكى كېڭەيتىش بىلەن مەزمۇن جەھەتتىكى كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرىمىز. يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ھازىر بار كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قازىمىز، تېخنىكىنى يېڭىلايمىز.

3) خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتى- ياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەھسۇلات- نىڭ سانىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ تەكىتلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سانى ئېھتىياجنى تەمىن ئېتەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈستىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس؛ لېكىن ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمايدىكەن، ئىستېمال قىممىتىنى يوقىتىدىكەن، بۇ ھالدىمۇ خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈستىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يارامسىز بۇيۇملار، ئىككىنچى دەرىجىلىك بۇيۇملار خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. ئەگەر مەھسۇلاتلار ئىچىدە يارامسىز بۇيۇملار، ئىككىنچى دەرىجىلىك بۇيۇملار خېلى زور قىسمىنى ئىگىلىسە، ئۇ چاغدا تەمىنلەش ئۈچۈن كېتىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سانى بىر باراۋەر كېمىيىدۇ؛ خەلقنىڭ قاندۇرۇلىدىغان ئېھتىياجىمۇ مۇقەررەر ھالدا بىر باراۋەر قىسقىرىدۇ. تاۋارلارنىڭ «ئىناۋەتتى» بولۇش - بول- ماسلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىستېمال قىممىتى، ئالاھىدە سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىشلەپچىقارغان خىلمۇ - خىل ئىستېمال ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كاپىتالىزمنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىستېمال قىممىتىگە كاپالەتلىك

قىلالايدىغان، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قاندۇرالايدىغان شەرتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدە،

4) سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىك - ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى؛ شۇنداق ئېھتىمال باركى، بۇ ئىككى خىل سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئۇزۇنغىچە بىللە مەۋجۇت بولۇپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى، جەمئىيەتتە كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىنغان مۇلازىمەت كەسىپلىرى، رېمونت كەسىپلىرى ۋە يەككە تىجارەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم دائىرىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇپ، ئۇنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆزىنىڭ مەلۇم تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. لېكىن بۇ خىل تەسىر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق ئىگىلىكنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق ئىقتىسات بىلەن ھەرگىز تەڭ بولالمايدۇ؛ بەلكى ئۇ پىلانلىق ئىگىلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ قوشۇمچە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنداق بولمايدىكەن، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە قارىغۇلارچە ئىش كۆرىدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەت يۈز بېرىدۇ.

5) «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا: «سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇقىملىشىپ قالغان بىر يۈرۈش قېلىپ يوق» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر يوليورۇق. «پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دۆلىتىمىز ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان توغرى يولىنى پەيدىن - پەي ئورناتتى». ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر بىر باسقۇچتا مۇشۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەمدە ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت شەكلىنى يارىتىشىمىز لازىم. ئىشلەپچىقىرىش (ياكى ئىقتىسادىي) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ھازىر يېزا ئىگىلىكىدە ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى سانائەت ۋە سودىدىمۇ يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى راۋاجلىنىپ ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىگە ئايلاندى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى كونكرېت شەكلى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل قېلىپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو خەلقى جاسارەتلىك خەلق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناقتىن ئۆتكەن ئۇلۇق پارتىيە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، بۇ پولاتتەك پاكىت.

خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرغان ھەم فېئودالىق ۋە دەللاللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يىمىرىپ تاشلىغان باشقا بىر كىم ئەمەس، دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى؛ لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنى تارمار قىلغان ھەم پارتىيە ئىچىدىكى «سول» چىل خاتا ئىدىيىنى تۈزەتكەن باشقا بىر كىم ئەمەس، دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى. جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابى. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمىدىكەن، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. «پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ»، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پەقەت خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا، پەقەت ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا، ئاندىن تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش جەريانىدا ئالغا باسقىلى، ئاندىن قىيىنچىلىقلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىش جەريانىدا، يېڭى تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرايلى

جىياڭ مۇجو

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراش قىبلىنامە قىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 32 يىلدىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي تەجرىبە-ساۋاقلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يەكۈنلەندى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىلمىي ئاساستا باھا بېرىلدى ۋە ئۇ شەرھلەندى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان تەدرىجىي ھالدا بەلگىلەنگەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇشنىڭ يولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ «قارار»دا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ۋە بىلىش تەجرىبىلىرى ماركسىزملىق پەلسەپەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، سىستېمىلىق ھالدا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يىغىنچاقلانغان ۋە ئىزاھلانغان. بۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى بىر قېتىملىق سەكرىشىدىن ئىبارەت. بۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، ئالغا قاراپ، پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك دېموكراتىيە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ چوقۇم ئۇلۇغ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغۇسى.

بىز بۇ ماقالىمىزدا ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىملىقى، ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە

چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ھەمدە پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقاتىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

( 1 )

پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە-نەزەرىيە ئاساسى ۋە دۇنيا قارىشى قىلىپ كەلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزملىق پەلسەپىنى تەتبىقلاشنىڭ ئۇستازىدۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا "ئىدىيىنى توغرىلاپ، ماھىرلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خاتالىقنى ئاز ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئۇلۇغ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىش ھەمدە دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كەڭ خەلقلەرگە ياردەملىشىپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئۇلۇغ بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يولداشلىرىمىزغا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش لازىم" دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ يەنە "پەلسەپىنى ھەقىقىي يوسۇندا پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى ئۆتكۈر قورالىغا ئايلاندۇرۇش لازىم" لىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى. پارتىيە ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەملىكىتىمىز بويىچە كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا پەلسەپىنى ئۆگىنىش، پەلسەپىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت قويۇق كەيپىيات ۋە ئېسىل ئەنئەنە بارلىققا كەلگەن ئىدى. لېكىن، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى ئەكسىل-ئىنقىلابىي گۇرۇھ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خاتالىقىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزملىق پەلسەپىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئىدىيالىزم ۋە مېتافىزىكىنى ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكا ئورنىغا، تارىخىي ئىدىيالىزمنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ئورنىغا دەسسىتىپ، بەزى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشلارنىڭ پەلسەپىگە بولغان قىزىقىشى ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ دەۋرنى "پەلسەپە نامراتلىقى دەۋرى" گە ئوخشىتىشى يولسىزلىق ئەمەس.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تار-مار قىلىنغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى قايتىدىن تىكلىگەندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلۇپ ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىر قىسىم يالغان ماركسىزملىق پەلسەپىۋى سەپسەتىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىۋېلىندى، مەملىكىتىمىزنىڭ پەلسەپە ساھەسى "پەلسەپە نامراتلىقى" دىن پەلسەپىنىڭ گۈللىنىشىگە يېتىشتىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرمەكتە.

ھازىر شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالدۇقكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىدىيە جەھەتتە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازات قىلىش رولىنى ئوينىدى. بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەشكىلىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشىمىزدا، ھەر قايسى ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" قۇرغان خىلمۇ - خىل "چەكلەنگەن رايون" لار ۋە روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدۇق، ئىككى "ئومۇمەن" كۆز قارىشىنى پېپەن قىلدۇق، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ ئىدىيىدە ئازات بولدۇق. تۈپتىن ئوڭشاپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توغرى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇردۇق؛ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" نى ۋە 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، "سول" يېتەكچى ئىدىيىنى دەسلەپكى قەدەمدە تازىلاپ تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى ماركسىزملىق ساغلام يولغا قايتۇرۇپ كەلدۇق، جانلىق، جۇشقۇن، يېڭى كەيپىيات ۋۇجۇتقا كەلدى؛ پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، كۆپلىگەن ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى تۈزەتتۇق، پارتىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاتتۇق، ئىقتىسات جانلىنىشقا باشلىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ماركسىزملىق پەلسەپە جەھەتتىكى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق - تەربىيە، سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتىكى كەڭ مۇھاكىمە، ۋە ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىدە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى ۋە داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن بىز 1942 - يىلى يەنئەندە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمىز. ۋاڭ مىڭنىڭ "سول" چىل لۇشيەنى پارتىيە ئىچىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، دوگماچىلىق، باگۇچىلىق ياماراپ كېتىپ، ئىنقىلابىي روھنى ئېغىر ھالدا تۇنجۇقتۇرۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ "سول" چىل دوگماچىلىقنى پېپەن قىلىش ئۈچۈن، يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە مار -

كىزىم نەزەرىيەسى، بولۇپمۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى، يولداش ماۋزېدۇڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا» قاتارلىق بىر مۇنچە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيا قاراش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرىدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان ئىدى. بۇ، بىر قېتىملىق ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەركىتى بولغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن مۇقەددەم، بىز يەنە «4 – ماي» ھەركىتى ۋە پارتىيىنىڭ دۇنياغا كەلگەن مەزگىللىرىنى ئەسلىسەك، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى بىزگە ماركسىزمنى يەتكۈزۈپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائى ئىنقىلاب نەزەرىيەسىنى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىشنىڭ قورالى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭى بىر تۈسكە كىردى. بۇمۇ بىر قېتىملىق ئىدىيىدە ئويغىنىش ۋە ئازات بولۇش ھەركىتى بولغان ئىدى.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق زور ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىدە پەلسەپىۋى ئىدىيىدىكى ئۆزگىرىش مۇقەددىمە بولۇپ كەلگەن. ئېنگېلىس: «خۇددى 18 – ئەسىر – دىكى فرانسىيىدىكىگە ئوخشاشلا، 19 – ئەسىردىكى گېرمانىيىدىمۇ پەلسەپە ئىنقىلابى سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ باشلامچىسى بولدى. 18 – ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دىدېرو، ئادرىين ھېلۋېتىۇس قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىك قىلغان ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنى ئىدىيە ئاۋانگارتى قىلغان ئىدى، 19 – ئەسىردىكى گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولسا، گېگېل، فېيېرباخلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆزلىرىگە باشلامچى قىلدى» دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. 19 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ياراتتى، بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى ھەم پەلسەپە تارىخىدىكى ئۇلۇق ئىنقىلاب ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دۇنيا ئىشچىلار سىنىپى ۋە كوممۇنىستلىرى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەر ھەم ئىجتىمائى ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ كېتەلمىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «ماركسىزم بىر قانچە ئىلىمدىن، يەنى ماركسىزملىق پەلسەپە، ماركسىزملىق ئىقتىسادشۇناسلىق، ماركسىزملىق سوتسىيالىزم — سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي نەرسە ماركسىزملىق پەلسەپىدۇر. ئەگەر بىز بۇنى ئىگىلىۋالالمايدىكەنمىز، بىزدە ئورتاق تىل، ئورتاق ئۇسۇل بولماي قالىدۇ. قانچە تالاش — تارتىش قىلساقمۇ يەنىلا بىر بىتىمگە ئېلىپ چىقالمايمىز. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىدىيە بولغاندىلا، نۇرغۇن ئىشلار ئاسانلىشىدۇ، كۆپ خاتالىقلاردىن خالى بولالايمىز» دەپ ئېيتقان ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ماركسىزملىق پەلسەپە، يەنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم — تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلمىي تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ توغرى دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسىدۇر. ئۇ بىزنى دۇنيانى بىلىش، ھەقىقەتنى ئىگىلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە يېتەكچى يولنى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ ئۇ بىزنى دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ قانۇنىيەتلىك بىلىملىرى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ ئۇ بىزنى توغرى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ ئۇ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئىدىيىمىزنى ئازات قىلىپ، زېھنىمىزنى ئېچىپ، ئىكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردىن مىراس قالغان خىلمۇ-خىل مەنىۋى تۇزاقلار ۋە ئىدىيىۋى ئاسارەتنى پاچاقلاپ تاشلاپ، نەزەرىيىۋى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۇستۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇ بىزنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۆرەشلەردە ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈشىمىزگە، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، كىچىك ئۆزگىرىشنىمۇ بايقىۋېلىشىمىزغا، ھادىسىدىن ئۆتۈپ، ماھىيەتنى كۆرۈشىمىزگە، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى باغلىنىشلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە، شەيئىلەرنىڭ ھەركەتلىنىش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىمىزغا، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى چىڭ ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلىشىمىزگە، توسالغۇسىز ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە، ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇقەررەرلىك ئالەمدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ماركس مۇنداق دېگەن: "پەلسەپە پرولېتارىيات سىنىپىنى ئۆزىنىڭ ماددىي قورالى قىلىدۇ، شۇنداقلا پرولېتارىياتمۇ پەلسەپىنى ئۆزىگە مەنىۋى قورال قىلىدۇ"؛ پرولېتارىيات بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ "ئازات بولغان مىڭىسى — پەلسەپىدۇر، ئۇنىڭ يۈرىكى پرولېتارىياتتۇر". ئېنگېلسمۇ: ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا "ئەڭ ياخشى ئەمگەك قورالى ۋە ئەڭ ئۆتكۈر قورالدۇر" دېگەن ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىز ئۇلۇغ بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئومۇمىي كۆرەش نىشانىسى مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك دېموكراتىيىگە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ بىر ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋەزىپە. شۇنداقلا يەپ-يېڭى بىر ئىش بولۇپ، بىز بۇ جەرياندا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆپلىگەن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر ۋە يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىمىز، بىز تېخى تونۇپ يەتمىگەن نۇرغۇنلىغان مۇقەررەرلىك ئالەمى بار، بۇ بىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيا-

لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن غەلىبە مەنزىلىگە يېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېنگېلس: ھەر قانداق بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە چىقماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىقى لازىم، دىگەن ئىدى. بىز 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ماركسىزملىق پەلسەپىنى يېتەكچى قىلىشتىن، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز، شۇڭا، قىلچە مۇبالىغە قىلمىغان ھالدا: پەلسەپىنى گۈللەندۈرۈش — جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ ئېيتالايمىز.

## (2)

ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ماركسىزم نەزەرىيە غەزىنىسىدە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئۆتكۈر قورالدۇر.

1978 - يىل 12 - ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتىدا: "پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيە سېپىدىكى ئالىي ۋەزىپىسى — پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى تارىخىي ۋە ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشىگە، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل ۋە توغرى ئىگىلىشىگە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت" دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ فاڭجېندا ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان خۇلاسە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنى ھەمدە ئومۇمىي يىغىن ماقۇللىغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» بۇ ئالىي ۋەزىپىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە ئاشۇرماقتا. «قارار»دا ئۇلۇغ داھىمىز ۋە ئۇستازىمىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى تارىخىي ئورنىغا يۈكسەك باھا بېرىلىپ، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىدىن ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تۆھپىسى بىرىنچى ئورۇندا، خاتالىقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى ھەمدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مول مەزمۇنى تولۇق بايان قىلىندى. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي سىناقلار -

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئىلمىي نەزەرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئايرىپ قاراشنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىلدى. «قارار»دا: «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ئۇزاققىچە يېتەكچىلىك قىلىۋېرىدۇ»، "بىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەتبىقلاش يولى بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم" دەپ كۆرسىتىلدى. يولداش خۇياۋباڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»دا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئومۇمىي يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي غەزىنىسىگە ئىجادىي مەزمۇندىكى يېڭى بايلىقلارنى قوشتى. ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپ ۋە تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلگىرى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ كەلدى، ھازىر شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.» يولداش ماۋزېدۇڭنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالاشتى دەپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى، ئەلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش ياكى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزلىرىگە دوگماتىزملىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئېيتقانلىكى سۆزلىرىنى ئەينەن ئەمەل قىلىش شەرت بولغان، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان ھەقىقەت دەپ قاراش، ھەتتا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئېتىراپ قىلماسلىق، شۇنىڭدەك يېڭى ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ خاتا پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي خاتا. بىز ئاكتىپ، مەردانىلىق بىلەن، ئىلمىي ھالدا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىز، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىز ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، بۇ مەسىلىدە سۇسلۇق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى — ماركسىزم ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ جەۋھىرى ۋە مېغىزى. ئۇ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى قوغدىدى ھەمدە ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا جارى قىلدۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى؛ ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ۋە بىلىش تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ توغرى ئىنكاسى؛ ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى "سول"ۋە ئوڭ ئاغمىچىلىق ئىدىيىلىرىگە قارشى قىلىنغان كۈرەشلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنىڭ مەھسۇلى، بولۇپمۇ پارتىيىمىز ئىچىدە كۆپ قېتىم تەكرار سادىر بولغان ماركسىزمنى ئەقىدىلەشتۈرۈپ، چەتئەل تەجرىبىلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ قويۇشتەك بالىلىق كېسىلىنى تۈگىتىشنىڭ مەھسۇلى، ئىدىيالىزم بىلەن مېتافىزىكىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆتكۈر قورالى.

ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن جۇڭگوچە خىسلەتكە ۋە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيىسىدۇر؛ ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېمىدۇر. ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى بىر قانچە ئەۋلاد كىشلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ ئاساسى چوڭقۇر، بىر مەملىكەتنىڭ نەزەرىيىگە بولغان ئېھتىياج دەرىجىسى شۇ نەزەرىيىنىڭ جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دەرىجىسىگە باغلىق. ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى ۋە قاندۇرماقتا، ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، پارتىيىمىز 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تۈزگەن فاڭجېن، لۇشيەن سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كۆپلىگەن كادىرلىرىمىز، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىمىز پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن تارتىپ خىزمەت ئۇسۇلىغىچە ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ كەتكىنى يوق. بىز بۈگۈنكى كۈندە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان چاغدىمۇ، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ كېتەلمەيمىز.

ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مېغىزلىق بولۇپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىمىزدا ئىنتايىن رېئال، ئۇزاق يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش ماۋزېدۇڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە تەتبىقلاپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشلىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا خاس بولغان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش قاتارلىق ئاساسىي مەيدان، نۇقتىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنى شەكىللەندۈرۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن، بىلىش نەزەرىـ

رېئال جەمئىيەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئۇلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئاساس قىلىپ، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ھەركىتىمىزگە يېتەكچى قىلىش توغرىسىدىكى؛ ئەمەلىيەت بىرىنچى دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقى، ئەمەلىيەت بىلىشنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەت بىلىشنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە مەقسىدى ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى؛ بىلىش جەريانىدىكى ئىككى سەكرەش يەنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە يېتىشتىكى پائالىيەتچانلىق سەكرەش، ئەقلىي بىلىشتىن ئىنقىلاۋي ئەمەلىيەتكە يېتىشتىكى پائالىيەتچانلىق سەكرەش توغرىسىدىكى؛ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى يەنى ئىچكى سەۋەپ ئاساس، تاشقى سەۋەپ شەرت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى؛ شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇملىقى بىلەن ئالاھىدىلىكى، ئورتاقلىقى بىلەن خاسلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى؛ شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ كۈرىشى بىلەن بىردەكلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى؛ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرى ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى؛ ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى؛ بىلىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى يەنى ئەمەلىيەت — بىلىش — يەنە ئەمەلىيەت — يەنە بىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ھالەتنىڭ دەۋر قىلىپ تەكرارلىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولىدىغانلىقى، بەلكى ئەمەلىيەت بىلەن بىلىشنىڭ ھەر قېتىملىق ئايلىنىشىدا مەزمۇنلارنىڭ نىسبەتەن يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار جەھەتتىكى نەزىرىيىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىمىزدە ئۇنۇم بېرىدىغان پارلاق ئىدىيىدۇر. بىز ئۇنى قىلچە تەۋرەنمەستىن زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

دۇنيا تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئالغا باسىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەقىقەتنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ئۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ھەقىقەتنى بىلىشىمىز ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە يول ئېچىپ بېرىدۇ. ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شەك - شۈبھىسىزكى، بوشلۇقتا مۇئەللەق، راۋاج قۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرمىغاندا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرمىغاندا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغىلىمۇ بولمايدۇ، چىڭ تۇرۇشمۇ قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىر ئىزدا توختاپ قالسا، راۋاجلانمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ قېتىپ قالغان قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ — دە، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ بولماي قالىدۇ.

بىز "سول" يېتەكچى ئىدىيىنى داۋاملىق تۈگىتىپ، دوگماتىزىمغا كىتاپپازلىققا ۋە كوچۇرمىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىنى تۈگىتىپ، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئۆمۈمى قائىدىلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ۋە بىلىش تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يېكۈنچە يىغىنچاقلىشىمىز ۋە شەرھلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى بېيىتىشىمىز ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بۇ، پەلسەپە، ئىجتىمائى پەنلەر ساھەسىدىكى يولداشلىرىمىزنىڭ ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ ۋە جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈپ، ئادا قىلىدىغان شەرەپلىك تارىخىي مەسئۇلىيىتىدۇ.

## (3)

ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پەلسەپىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ياخشى ئىشلەشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1) ماتېرىيالىزىمغا ھۆرمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بۈگۈنكى قۇرۇلۇش جەريانىدا ئەگرى يول مېڭىپ قېلىشىمىزدىكى ئاساسىي ساۋاق شۇكى، بىز ئەمەلىيەتكە ئاساسلانماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەي، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە جايلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىدىيالىزم ۋە ئىرادىچىلىك نەزەرىيىسىگە يېتىپ قالدۇق. يولداش چېن يۈن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا جۇڭگونىڭ بىر مىليارت ئاھالىغا، 8 يۈز مىليون دېھقانغا ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، بۇنى ھەقىقىي سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن ئادەملەرنىڭ ھازىرچە تېخى كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. بىز مۇشۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش — ماتېرىيالىزىمغا ھۆرمەت قىلغانلىق، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە ۋە بىلىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ياكى بارالماسلىقىمىزدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. يولداش ماۋزېدۇڭ: ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسىي خىزمەت ئۇسۇلى، دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن. يولداش چېن يۈن يېقىندىكى ۋاقىتتا "يۇقۇرىغا چوقۇنۇپ كەتمەسلىك، كىتاپقا چوقۇنۇپ كەتمەسلىك، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش لازىم" دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان تەكشەشتە، ئىسلاھ قىلىشتا بولسۇن ياكى سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتلەردە بولسۇن، چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئۈچۈن تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش كېرەك. يولداش چېن يۈن 50 - يىللاردا رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ 90% تىن ئارتۇق ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا، 10% تىن ئازراق ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى سىياسەتلەرنى بەلگىلەشكە سەرپ قىلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ھازىر كۆپلىگەن رەھبىرىي ئورگانلار ۋە كادىرلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەنمەيدۇ، «ئىرادىسى زور، نىشانى توغرى ئەمەس، پەدە تۈزۈشى تېز» بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. يولداش چېن يۈن يەنە تونۇشنى توغرىلاش ئۈچۈن: «ئەتراپلىق بولۇش، سېلىشتۇرۇش، قايتىلاش» ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشنى، تىپىك تەجرىبە قىلىش، تەدرىجىي كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق بىلىش قانۇنىيىتىگە، ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2) 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىدىيىنى ئازات قىلىشنىڭ مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش بىلەن دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئەسلىدە دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتى، ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى ئىدى. لېكىن، بەزى كىشىلەر ھەمىشە ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. 4 ئاساسىي پرىنسىپ — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىدىكى سىياسىي ئاساسى، ئومۇمىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىدىيىنى ئازات قىلىشىمىز، مېڭىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشىمىزگە توغرى كېلىدۇ. ئىدىيىنى ئازات قىلىش دېگەنلىك ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى بىر - بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش دېگەنلىكتۇر. بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش دېگەنلىك 4 ئاساسىي پرىنسىپتا تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش دېگەنلىك 4 ئاساسىي پرىنسىپ جەھەتتە بىردەك بولۇش دېگەنلىكتۇر، مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇشتا، تەشكىلىي جەھەتتە بىردەك بولۇش بىلەنلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىدىيە جەھەتتە بىردەك بولۇش كېرەك؛ ئىدىيە جەھەتتە بىردەك بولىمىز دەيدىكەنمىز، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، كەڭ - كۇشادە پىكىر بايان قىلىشىمىز لازىم، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى سېلىشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىقلا مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتە ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۆگىنىشتىن كېيىنمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر يەنىلا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. پارتىيە

ئىچىدە ئۆز پىكرىدە قىلىشقا يول قويۇلسىمۇ، تەشكىلىي جەھەتتە ئىجرا قىلىش كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ فاكچېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئۇنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەشكە توغرى كېلىدۇ. بۇ تەبىئىي شۇنداق بولىدۇ. ھازىر 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش ھەققىدە سۆز ئىچىلسىلا، بەزىلەر "يىغىشتۇ-رۇۋالىدىغان بولدى"، ئىدىيىنى ئازات قىلىشنىڭ، دېموكراتىيىنىڭ ھاجىتى قالمىدى دەپ قاراپ، فاندا قىنۇر ھازىر "گاچا بۇتخانىغا كىرگەندەك، كۆپ باش ئۇرۇپ، ئاز سۆزلەيدىغان ۋاقىت" دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش بىر تەرەپلىمە بولۇپ، بۇنداق ئەندىشىلەر ھاجەتسىز. ئەلۋەتتە، ئىدىيىنى ئازات قىلىش كەلسە - كەلمەس قالايمىقان ئويلاش ئەمەس، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش چەكسىز دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئەمەس، 4 ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ كېلىدىغان، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى پەيدىن قىلىشقا توغرى كېلىدۇ.

ماركسىزملىق پەلسەپە 4 ئاساسىي پرىنسىپنىڭ ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى. شەك - شۈبھىسىزكى، پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملىرىمىز 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. لېكىن، ئىلىم مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي ئېقىملارنىڭ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار-نىڭ ئېچىلىپ سايراشلىرىغا يول قويۇلىدۇ. ئىلىم جەھەتتە ئىزدىنىشكە، يۇقۇرىغا ئۆرلەشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. "بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" فاكچېنىنى ۋە "3 نى قىلماسلىق" نى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەركىن مۇھاكىمە قىلىدىغان، ئىلىم دېموكراتىيىسى بولغان، ئۆز ئارا كېڭەشىدىغان، ئۆز - ئارا ئىلھام بېرىدىغان، بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان، جانلىق، تېتىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان، ياخشى ئىلمىي - تەتقىقات كەيپىياتى ۋە بەس - بەستە سايراش كەيپىياتى ۋە مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك.

3) پەلسەپىنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. ئۆتكەندە لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان يىللاردا، ئۇلار پەلسەپىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە دەستەك قىلىۋېلىپ، پەلسەپىنىڭ ئىلمىيلىكىنى ۋە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى بۇزدى، بۇنى پەيدىن قىلىش تامامەن زۆرۈر. لېكىن، بۇنداق دېگەنلىك، پەلسەپە سىياسەتتىن ئايرىلسىمۇ، سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. پەلسەپە تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم ئىكەن، پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىلا سىياسىي مەسىلە بولۇۋەرمەيدۇ؛ ئەمما، پەلسەپە دائىرىسىدىكى زور مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى كۆپ ھاللاردا سىياسىيغا مۇنا-سىۋەتلىك بولۇپ، رېئال سىياسەتتىن ئايرىلالمايدۇ. سىياسىي ۋەزىيەتتىن ئايرىلىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلماي، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتىنى مۆلچەرلىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇرۇپ، بىر ماركسىزمچە پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، نەزەرىيەچى بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ زور سىياسىي — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك نەزەرىيە مۇھىم سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا جۇڭگودا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋاللارنى، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ھەممىدە زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش — بىز ئىدىيە، نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ماركسىزمغا قوشقان زور تۆھپىمىز ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى ھەقىقىي تۇردە ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىمىز بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنداق دېگەنلىك ئومۇمەن 4 نى زامانىۋى — لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى، پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەردە تەبىئىي پەنگە ئوخشاشلا، ئاساسىي نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىشقا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق تەتقىقاتلار، نەزەرىيە خىزمىتىدىكى زور ئىلگىرلەش ۋە بۆسۈپ ئۆتۈشلەردە كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەتتۇر. ھازىرقى ئىلىم — پەن تەرەققىياتىدا كۈنسايىن يېڭىلىنىش ۋە زور، ئۇچقاندەك ئىلگىرلەش بولۇۋاتىدۇ. تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئورغۇنلىغان يېڭى نەتىجىلەر بىزنىڭ پەلسەپە يۈزىسىدىن كەلگەندە تۇرۇپ خۇلاسىلىشىمىزنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادا يېقىندىن بېرى قىسمەن ئارىلىق پەنلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، بۇ ھەم تەبىئىي پەنگە چېتىشلىق، ھەم ئىجتىمائىي پەنگە چېتىشلىق. مەسىلەن، سىستېما قۇرۇلۇشى، كېلەچەكشۇناسلىق قاتارلىقلار. پەلسەپە خادىملىرىمىز بۇلارنىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى كېرەك. پەلسەپە تارىخى، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى ۋە پەلسەپە مىراسلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ كۈچ ئاجرىتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەش كېرەك. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەبىئىي پەن خادىملىرى بىلەن زىچ بىرلىشىشى لازىم.

4) دىئالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلىش، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئۆتكەندىكى بىر نەچچە يىللىق نەزەرىيە تەشۋىقاتى خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنى مەركىزىي كومىتېت قايتا — قايتا مۇئەييەنلەشتۈردى. لېكىن يەنە مەلۇم بىر تەرەپلىمىلىك بار، كۈندىن قالساق، ئايدىن قالىسەن دېگەندەك، نەزەرىيە جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك يۈز بەرسە، ئەمەلىي خىزمەتتە ئېغىش ۋە قىيىن — چىلىق پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇمۇ نەزەرىيە خادىملىرىمىزنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلىرىمىز ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى يولداشلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەرگە ئېلىشى لازىم، شۇنداقلا ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى يولداشلارمۇ نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا بەكمۇ قاتتىق تەلەپ قويماسلىقى، ھەتتا ئەمەلىي

خىزمەت جەريانىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەرىيە خادىملىرىغا دۈڭگەپ قويۇماسلىقى كېرەك. بۇنداق ئادىللىق ئەمەس. نەزەرىيە خادىملىرى ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر بىلەن قولمۇ – قول تۇتۇشۇپ، بىردەك كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆز – ئارا ئۆگىنىپ، بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىشى لازىم. بىر تەرەپلىمىلىك دېگەنلىك ئىدىيە جەھەتتە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، مەسىلىگە مېتافىزىكىچە قاراش، دىئالېكتىكىغا خىلاپ ھالدا قاراش دېمەكتۇر. ھەممە ئادەمدە ئاز – پاز بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىشنى قىيىنغا توختايدۇ، ئەلۋەتتە. بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئاز – پاز بولۇشى ئانچىۋالا چوڭ ئىش ئەمەس. ئەمما، بىر تەرەپلىمىلىكنى تەدرىجىي ئازايتىش ۋە تۈگىتىش، مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە تەشۋىق قىلىشتا ئەتراپلىق بولۇش كېرەك دېگەن تەلەپنى قويۇشىمىز لازىم. گېگېل "قارىمۇ – قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكىدىن قارىمۇ – قارشى تەرەپلەرنى ئىگىلەۋېلىش كېرەك" دېگەن. لېنىن بۇ سۆزنى تەرىپلىگەن، بۇ سۆز دىئالېكتىكىلىق سىز دەپ قارىغان بىز مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇرۇنلا "بىز دىئالېكتىكىنى تەدرىجىي ھالدا ئومۇملاشتۇرۇشنى، كۆپچىلىكنىڭ دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىشلىتىشنى تەدرىجىي ھالدا ئۆگىنىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم" دەپ چاقىرىق قىلغان ئىدى. پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلىرىمىزغا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلىرىمىزغا بۇ تەلەپنى قويۇش ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەن ھېساپلانماس!

٤) جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. لېنىن «جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا "ئاتېئىزم توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە كۈرەشنى ھارماي - تالماي ئېلىپ بېرىش لازىم"، "ئۇلارنى ئاتېئىزمغا دائىر ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، ئەمەلىي تۇرمۇش جەھەتتىكى پاكىتلارنى ئۇلارغا ئوقۇتۇش، ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇلارنى دىنىي غەپلەتتىن ئويغىتىپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن روھلاندۇرۇش لازىم" دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئاتېئىزملىق تەشۋىق – تەربىيىنى كۈچەيتىش – بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپە. ئەلۋەتتە، بىز تەشۋىقاتىمىزدا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىمىز، مۇۋاپىقراق ئىشلىشىمىز، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تېگىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. **بىز** ھەرگىز دىندارلاردىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاتىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايمىز. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارماسلىقىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىنىنىڭ سىياسىغا ۋە مائارىپىغا ئارىلاشماسلىقىنىلا تەلەپ قىلىمىز،

پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 – ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە يۈكسەك باھا بېرىلدى ۋە ئۇ تەپسىلىي شەرھىلەندى، بىز ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىشلىرىمىزنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم!

ئىسمايىل تۇرۇر تەرجىمىسى

# شىنجاڭ ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى

جى شيەنلىن

تارىختىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ياكى ئىپتىدائىي سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى گېرمانىيىدىن باشلانغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ۋاقتى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرى كېلىدۇ. لېكىن بىر قەدەر مۇستەھكەم نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان بىر پەن سۈپىتىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يېقىنقى بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا راۋاجلاندى. بۇ جەھەتتە فرانسىيە ئالىملىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى ئەڭ زور بولدى. ھازىر، دۇنيا بويىچە بىر نەچچە ئەللەرنىڭ نۇرغۇن داشۆبىلىرىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسى تەسىس قىلىندى، بەزىلىرىدە ھەتتا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرى ياكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات مەركەزلىرى تەسىس قىلىندى. مەسىلەن فرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ۋە كەڭ ياشلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە دولقۇن ۋۇجۇتقا كەلمەكتە. كۆپلىگەن ئەللەردە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە. بەزى ئەللەردە ھەتتا ئىلمىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىرى گېرمانىيە ئېقىمى، فرانسىيە ئېقىمى، غەربىي ياۋروپا ئېقىمى، ئامېرىكا ئېقىمىدىن ئىبارەت تۆت مۇستەقىل ئىلمىي ئېقىمدۇر.

دۇنيا بويىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىلىم تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. سېلىشتۇرما ئەپسانە شۇناسلىق، سېلىشتۇرما دىن شۇناسلىق، سېلىشتۇرما سىياسەتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئىقتىساتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. بۇ، ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ئويناۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل رولى ئەمدىلا جارى قىلىنىشقا باشلاپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. شۇ پەنلەر ئىچىدە، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەڭ گەۋدىلىك بىر پەن بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ جۇڭگودا قانداق؟ بىز باشقا بىرنەچچە پەنلەرگە ئوخشاشلا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ ئارقىدا قالدۇق. بولۇپمۇ "تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن" ئاشۇ ئون يىل جەر-

ياندا، چەتئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىمىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالدى، دۆلەت سىرتىدىكى بىرەر نەچچە يېڭى پەنلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئەھۋالىنى بىلەلمەي قالدۇق، دۇنيا بويىچە ئىلىم تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىش ئەھۋالىنى ئۇقمىدۇق، بەزى كونا ئىلىم-پەن ساھەلىرىگە يەنە قانداق يېڭى مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلغانلىقىنىمۇ بىلمىدۇق، يېقىنقى 4 - 5 يىلدىن بۇيان، بۇ خىل ئەھۋال بىر ئاز ئۆزگەردى. چەتئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز قويۇقلاشتى. ئىلگىرى چۈشەنمىگەن ئەھۋاللارنى چۈشەندۇق، بىز بۇنىڭدىن خۇشاللىنىمىز، ھەم ئەپسۇسلىنىمىز. خۇشاللىنىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز ئاخىرى ھېلىقى شەكىللىك مەنىۋىي كىشەننى يەنچىپ تاشلىدۇق؛ ئەپسۇسلىنىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز بىرنەچچە ۋاقىتنى بىكاردىن-بىكار ئىسراپ قىلىۋەتتۇق. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇنلىغان يولداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ بىردىنلا دىلى يورۇغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. "بىردىنلا دىلى يورۇغان" ئىكەن، ھەركەت بولۇشى لازىم. دەرۋەقە، ئىلىم-پەننىڭ بىر نەچچە ساھەلىرىدە ھەركەتمۇ پەيدىن-پەي نامايان بولۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قازىنىلدى. بىراق ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ساھەسىدە، ھەركەت ئاساسەن تېخى نامايان بولغىنى يوق. نۇرغۇنلىغان يولداشلار بۇنى چۈشۈنۈپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشقان بولسىمۇ تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ يىل 1 - ئايدا، بېيجىڭ داشۆينىڭ تىل-ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك توت فاكۇلتېتى ۋە ئىككى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان يولداشلار سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى قۇردى. مەۋرى جەھەتتە، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات مەركىزى تەسىس قىلىندى، خىزمەت قەدەممۇ-قەدەم قانات يايدۇرۇلماقتا.

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىز جۇڭگودا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش شارائىتى نىسبەتەن ياخشى، ھەتتا ئەڭ ياخشى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىمىز پارلاق مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان خوشنا ئەللەرگە ياكى يىراقتىكى ئەللەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. پەقەت ئەدەبىياتنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەھۋال شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزمۇ خوشنا ئەللەر ۋە يىراقتىكى ئەللەر ئەدەبىياتىدىن نۇرغۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنمىز. بۇ، ئىلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىجابىي ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئەسلىدە، بىزدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ جۇڭگوچە ئىلىم ئېقىمىنى بەرپا قىلىش شەرتلىرى بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇقلا ئەمەس، بەلكى بۇ جەھەتتە باشقا ئەللەردىن يەنىمۇ كېيىن قالدۇق. بۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئابرويىغا تولىمۇ مۇناسىپ ئىش بولمىدى. بىزنىڭ ھازىر ئالدى بىلەن ئىشلەيدىغان

خىزمىتىمىز ئىز سۈرئەت بىلەن قوزغىلىپ يېتىشىپ، بۇرۇن سەل قارىغان نەرسىلىرىمىزنى تولۇقلاپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتا جۇڭگو چەتئەل ئېقىمىنى بەرپا قىلىش سەۋىيىسىگە قەدەممۇ - قەدەم يېتىشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو دائىرىسى ئىچىدە، شىنجاڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە باشقا جايلاردا بولمىغان بىرمۇنچە شەرت - شارائىتلارغا ئىگە. قەدىمقى زاماندا، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە، شىنجاڭ شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن دۇنيادىكى بىرقانچە مەدەنىيەت مەنبەسى بولغان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ مۇشۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان. مەشھۇر «يىپەك يولى» شىنجاڭدىن ئۆتەتتى. ئورۇنلاشقان قەدىمقى مىللەتلەر ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ئىزلىرى ھازىرمۇ ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقىدۇ. 80 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ تىل، يېزىق ۋە ئەدەبىياتلىرىنى قايتىدىن يورۇققا چىقاردى.

مەن مۇشۇ نەرسىلەرنى، بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئەڭ كېرەكلىك ماتېرىيال دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە، قەدىمقى زاماننىڭ ماتېرىياللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرى، مەسىلەن، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئىباسىپ بېرىشتا ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى مەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنى بىلەن توخار تىلى A (كىنگىت — قارا شەھەر تىلى، قەدىمقى زاماندا قارا شەھەر ئەتراپىدا تارالغان تىل)نىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش سىستېمىدىكى بىر ھېكايىنى تاللاپ، تۆۋەندە ئالدى بىلەن شۇ ھېكايىنىڭ باشقا - باشقا نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ يازىمەن، ئاندىن، كېيىن قاراشەھەر تىلىدىكى نۇسخىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىمەن. كىتابخانلار بۇنى بىر ئوقۇپ، ۋە سېلىشتۇرۇپلا، بۇلارنىڭ مەنبەسىنىڭ ئەسلىدە بىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ، مەن بۇ ھېكايىنى «ياغاچچى بىلەن رەسسام ھېكايىسى» دەپ ئاتىدىم.

ئەمدى بۇ ھېكايىنىڭ ھەر ئىككى نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىنغان ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىكى بويىچە كۆچۈرۈپ كۆرسىتىمەن:

بۇرۇنسىدا، شىمالىي ھىندىستاندا بىر ياغاچچى بولغان ئىكەن، ئۇ ناھايىتى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ، ياغاچتىن تازا كېلىشتۈرۈپ، كىشىلەرنىمۇ جايىدا بۇ دۇنيادىكى قىزلار بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش قىلىپ بىر قونچاق قىز ياساپتۇ، ئۇ ھەم ئۇياق - بۇياققا ماڭالايدىكەن، ھەم ئاش - تاماق ئېلىپ كېلىپ مېھمان كۈتەلەيدىكەن، بىرلا يېرى سۆزلىيەلمەيدىكەن، قۇلىقى گەپ ئاڭلىمايدىكەن. شۇ زاماندا جەنۇبىي ھىندىستاندا بىر رەسسام بولۇپ، ئۇ رەسىم سىزىشقا بەك ماھىر ئىكەن. ياغاچچى بۇنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە ئاش - تائام تەييارلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى مېھمانغا چىللاپتۇ. رەسسام كېلىش بىلەنلا، ياغاچ قىزنى داستىخان راسلاپ، ئاش - تائام ۋە ھاراق ئېلىپ كېلىپ ئۇنى كۈتۈشكە بۇيرۇپتۇ. رەسسام ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭ ياغاچ قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ، ئۇنى راست قىز دەپ ئويلاپتۇ - دە، نەپسى بەك تاقىلداپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەپتۇ. كۈن كەچ بوپتۇ. ياغاچچى ياتماقچى بوپتۇ، رەسساممۇ قوندۇرۇپ قاپتۇ. ياغاچچى ياغاچ قىزنى ئۇنى كۈتۈشكە قالدۇرۇپتۇ ۋە مېھمانغا: «بۇ قىزنى ئەتەي قالدۇرۇپ قويدۇم، بىللە ياتارسىز» دەپتۇ. ساھىپخان ئۇخلاشقا كىرىپ كېتىپتۇ، ياغاچ قىز چىراقنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. مېھمان ئۇنى چاقىرىپتۇ، قىز كەلمەپتۇ، مېھمان بۇ قىز ئۇيۇلۇپ كەلمەيۋاتىدىغۇ - دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى قولى بىلەن تارتىپتۇ، ئىكەن ئاندىن ئۇنىڭ ياغاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، بەك خىجىل بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ساھىپخان مېنى ئالداپتۇ، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەتىمنى ئېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسساممۇ بىر ئامال تېپىپتۇ، يەنى تامغا ئۆز ئىنىڭ رەسىمىنى ئۆزى بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش كىيىنگەن، بويىنغا ئاغامچا سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، بەدىنىگە چىۋىنلار قونۇۋالغان، بېشىنى قاغا - قۇزغۇنلار چوقۇۋاتقان كۆرۈنۈشتە قىلىپ ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئىشىكنى تاقاپ، قويۇپ ئۆزى كارۋات ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ساھىپخان چىقىپ قارىسا، ئىشىك ئېچىلماپتۇ، ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مېھماننىڭ ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان قىياپەتتىكى رەسىمنى كۆرۈپتۇ ۋە بەك قورقۇپ كېتىپ، راست ئۆلۈۋالغان ئوخشايدۇ، دەپتۇ - دە، ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ، پىچاق بىلەن ئاغامچىنى كېسىپتۇ. شۇئان رەسسام كارۋات ئاستىدىن چىقىپتۇ، ياغاچچى بەك ئۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. رەسسام: دەرھال «سىز مېنى ئالدىيالىغان ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزنى ئالدىيالايمەن. ئىككىمىزنىڭ دوسلۇقىمىز شۇ يەردە ئاخىرلاشسۇن، بىر - بىرىمىزدىن ئاغرىنمايلى» دەپتۇ. ئىككىلەن بىر - بىرىگە: «دۇنيادا ئادەملەر بىر - بىرىنى ئالدىسا، ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» - دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككەيلەن ئالداشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، تەركى دۇنيا بولۇپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر تەرجىمە نۇسقىسى مەزمۇن جەھەتتىن بىرىنچىسىگە ئازراق ئوخشىمايدۇ. ئەمدى تۆۋەندە بۇنىمۇ كۆچۈرۈپ كۆرسىتىمەن:

قەدىمقى زاماندا، ئوتتۇرا ھىندىستان دۆلىتىدە بىر رەسسام ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر ئىش سەۋەبى بىلەن چەتئەلگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر ياغاچچىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ساھىپخان رەڭگى - تۇرقىنى تازا سالامەتلىك قىلىپ كەلتۈرۈپ ياغاچتىن بىر قونچاق قىز ياساپتۇ. ساھىپخان ئۇنى مېھماننى كۈتۈشكە بۇيرۇپتۇ، ئۇ، مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. مېھمان ئۇنى چاقىرىپ: «بۇياققا كېلىڭ، ياتايلى!» دەپتۇ، بۇ قونچاق قىز جىم تۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم: «ساھىپخان بۇ قىزنى مېنى كۈتۈشكە بۇيرىغانىدىغۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنى قولىدىن تارتقان ئىكەن ئۇششۇق ئەزالىرى ئۈزۈلۈپ قولى تېنىدىن ئاجراپ بۆلەك - بۆلەك بولۇپ كېتىپتۇ. مېھمان ئىنتايىن ئىزا تارتىپتۇ - دە كۆڭلىدە: «سەن

مېنى ئۆز ئۆيۈمدە مۇشۇنداق خورلىغان ئىكەنسەن، مەنمۇ سېنى كۆپچۈلۈك ئالدىدا رەسۋا قىلماي قويمايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. بۇ ئادەم شۇ ئان ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى خۇددى ئېسىلىپ ئۆلىۋالغاندەك قىياپەتتە قىلىپ سىزىپ قويۇپ، ئۆزى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋاپتۇ. ساھىپخان بىر مېھمان تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقىپ، خېلى بىر ۋاخ بولغىچە قوپمىدىغۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ باقاي دەپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئۇ ئېسىلىپ ئۆلىۋالغاندەك تۇرغىدەك. ئۇ بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ ئۆلىۋالغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، دەرھال قايرىلىپ قونچاق قىزغا قارىغان ئىكەن، قونچاق قىز يەردە پارچە-پارچە بولۇپ يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن: «مەن ئۇنى يېنىمغا قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋاپتۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا: ئادەم ئۆلسە ئالدى بىلەن خانغا مەلۇم قىلىپ ئاندىن دەپنە قىلىش لازىم ئىكەن. ساھىپخان دەرھال خانغا مەلۇم قىلىپ: «ئوتتۇرا ھىندىستاندىن بىر رەسسام مېنىڭكىدە قونغان ئىدى، مەن ياغاچچىدىن بىر قونچاق قىز ياساپ ئۇنى كۈتۈشكە قويغان ئىدىم. بۇ رەسسام بۇ قونچاق قىزنى راست قىز ئوخشايدۇ - دەپ، قولى بىلەن تارتىپ، ئۇنى يىقىتىپ تاشلىغان شۇيىنى ئۆزۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قونچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىزا تارتقىنىدىن ئېسىلىپ ئۆلىۋاپتۇ. پادىشاھى ئالەم، بۇنى تەكشۈرۈپ بەرسىلە، مەن ئۇنى دەپنە قىلمىغۇدەكمەن» دەپتۇ. پادىشا ئۆز ۋەزىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر كېلىپ: «ئالدىرىما، كىشى تىلىسۇن، ئاندىن بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئېسىلىپ ئۆلىۋالغانلىقى ياكى ئۇنى ساھىپخاننىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيمەن» دەپتۇ. ساھىپخان دەرھال پالتا بىلەن كەسكەن ئىكەن، پالتا تامغا تېگىپتۇ. شۇ چاغدا مېھمان: «ئۇ - لۇكمىكەن، تىرىكمىكەن» دەپتۇ. ساھىپخان بولسا پادىشانىڭ ۋەزىرى ئالدىدا رەسۋا بوپتۇ.

بىز كۆرگەن بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ مەزمۇنىدا پەرق بولمىسىمۇ، ئوخشاش دېتاللىرىدا ئاز - ماز پەرق بار، بىرىنچى ھېكايىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ناھايىتى تەپسىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ياغاچ قىزنىڭ قىياپىتى ۋە ھەركىتى تەسۋىرلەنگەن، ئاندىن ياغاچچىنىڭ ئاش - تاماق تەييارلاپ، رەسسامنى مېھمانغا چاقىرغانلىقى، ياغاچ قىزنى داستىخانغا ئاش - تاماق ئېلىپ كېلىپ رەسسامنى كۈتۈشكە سالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇندىن كېيىن، بارا - باراكۈن كەچ بولۇپ، ياغاچچىنىڭ ئۇخلاشقا تەمشەلگەنلىكى، ياغاچچىنىڭ رەسسامغا بۇ قىزنى ئەتەي سىز بىلەن بىللە ياتسۇن دەپ قالدۇرۇپ قويدۇم، دەپ ئېيتقانلىقى، ئاخىرىدا رەسسامنىڭ ھەۋەس - نەپسى قوزغىلىپ، قىزنى قولى بىلەن تارتقانلىقى، ئاندىن بۇ قىزنىڭ ياغاچ قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئېيتىلغان. ئىككىنچى ھېكايىنىڭ ئالدىنقى قىسمى بۇنداق تەپسىلى ئەمەس. ئۇنىڭدا بىرنەچچە جۈملە سۆزدىن كېيىن، رەسسامنىڭ ئوپ - ئوچۇقلا بۇ قىزغا «كېلىڭ ياتايلى» دېگەنلىكى؛ ئاخىرىدا شويىنىنى تارتىپ ئۈزىۋەتكەنلىكى، ياغاچ قىزنىڭ پارچە-پارچە بولۇپ يەرگە چېچىلىپ كەتكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ بىرىنچى ھېكايىدە سۆزلەنمىگەن. پادىشاغا مەلۇم قىلىشمۇ بىرىنچى ھېكايىدە يوق، بۇ ئابزاس ناھايىتى تەپسىلى بولۇپ، بۇ پۈتۈن

ھېكايىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن. بىز مۇشۇ پەرقلەردىن بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ ئۆزگىرىش جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇندىن باشقا، بۇ ھېكايىنىڭ تىبەت يېزىقىدىكىسىمۇ بار. بۇنى Schiefner نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان (Mel· ASiatiqutiuIeS· VII نىڭ 521 - بېتىگە قارالسۇن). كېيىن V·R·S· Ralston بۇنى نېمىسچىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان (tîetan taleS نىڭ 361 312 بەتلىرىگە قارالسۇن). بۇنىڭ بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئاساسى تېما بىلەن ئانچە كۆپ مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، شۇنىڭدەك ژورنالنىڭ سەھىپىسى چەكلىك بولغاچقا، بۇ يەردە، تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

ئەمدى بىز بۇ ھېكايىنىڭ توخارچە تەرجىمە نۇسخىسى ئۈستىدە توختىلىمىز: توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىنى سىگ — Sieg ئىككى نۆۋەت تەرجىمە قىلغان. بىرىنچى نۆۋەتتىكىسى oStaSiatiSche ZeitSchRift VII نىڭ 362 — ، 369 - بەتلىرىدە بولۇپ، چۈشۈپ قالغان يەرلىرى كۆپ. ئىككىنچى نۆۋەتتىكىسى پرۇسسىيە ماگىستىرلار ئاكادېمىيىسىنىڭ مەخسۇس ئەسەرلىرىدە بولۇپ، بۇ بىر خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى نۆۋەتتىكىسىدىن كۆپ ياخشى چىققان. ئەپسۇسكى بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى مېنىڭ قولۇمدا بولمىغاچقا، ئۇلاردىن پايدىلىنالمىدىم. مەن تۆۋەندىكى تەرجىمىدە يۇقىرىقى سىگ — Sieg نىڭ توخار يېزىقىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسلاندىم، شۇڭا ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرھىسى يەنىلا سىگ — Sieg نىڭكىدۇر. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بۇنىڭدا مېنىڭمۇ توھپەم بار دېيىشكە پېتىنالمايمەن. ئۇنىڭ بىر قانچە جايىدىكى شەرھىسىگە قوشۇلمىغان ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىكى بىر نەچچە سۆز ياكى جۈملىنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسامۇ، بۇ يەنىلا سىگ — Sieg نىڭ بەرگەن ئىلھامىغا مەنسۇپ، بۇنىمۇ مېنىڭ نەتىجەم دېيىشكە پېتىنالمايمەن. مەن ھازىر بۇنىڭ تەرجىمىسىنى يېزىپ كۆرسىتىمەن:

بۇرۇنقىدا، بىر رەسسام بار ئىكەن، بىر كۈنى بىر ماھىر ئۇستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بوپتۇ. بۇ ماھىر ئۇستا رەسسامنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كۈتۈپتۇ. ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىسىدە ئالاھىدە بىر ئوران تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا خۇشپۇراق ماي بېرىپتۇ. يېنىدا ياغاچتىن ياسالغان بىر قونچاق قىزنى قالدۇرۇپتۇ ......... (1). بۇ قىز قولىغا ......... (2)، رەسسامنى كۈتۈپتۇ (3). قانداق قىپتۇ ؟ (4)

ئۇ قىز بىر ئاز ئۆيۈتۈپ، يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قارىماققا ناھايىتى گۈزەل ئىكەن، تارتىنىپ، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماپتۇ، ھەم كۈلمەپتۇ. ئەمما، تولۇپ - تاشقان مۇھەببەت بىلەن قوللىرىنى ئۇزۇتۇپ رەسسامنى كۈتۈپتۇ، يەلپۈپ سەگىتىپتۇ، دوت رەسسام بۇ ياغاچ قىزنى راست قىز دەپ بىلىپتۇدە.

ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق ئويلاپتۇ: «ئاھ، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل، تارتىنچاق، ئۇياتچان قىز ھە! ئۇنىڭدا مېنى سۆيىدىغان نىيەت يوقتەك تۇرىدۇ، بۇ ھۆرمەتلىك قىز مېنىڭ ھەركىتىمگە ھېلىچە دىققەت قىلمايۋاتىدۇ، ئۇ لېكىن قوللىرىنى ئۈزۈتۈپ، مېنى ئۆز قوينىغا تارتىدىغاندەك قىلمۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆكسىدىكى زىبۇ زىننەتلەر مىدىرلىماي ئىگىز چوقچىيىپ تۇرىدۇ.

ئۇ تارتىنىپ تۇرسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن خۇشال قىلدى. ئۇ زادى كىم؟ ئۇ ماھ، ئۇسىنىڭ ئىگىچى – سىڭلىسىمىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزى ياكى خوتۇنىمىدۇ؟ ياكى خىزمەتچىسى ۋە ياكى ماڭا ئوخشاش مېھمىنىمىدۇ؟ بىراق مېھمانىنى مېھمان كۈتمەيتتىغۇ؟ بۇ ئۇستا راستىلا ماڭا ئىشىنىدىكەن ...... ئۇ مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىزنى مېنىڭ قېشىمدا يالغۇز قالدۇرۇپ قويدى.» رەسسام يەنە مۇنداق (ئويلاپتۇ): «مېنىڭ ئىشقى ھەۋىسىمنى دەپ، ئۇنى ......» ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، قول ئۇزاتماقچى بوپتۇ. لېكىن قىزغا قاراپ، دەرھال (يەنە ئويلاپتۇ)، «تارتاي قولۇمنى! مۇھەببەت ئىلاھى بۇ قىزنىڭ جامالى بىلەن مېنى ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلماسلىقىم كېرەك. بۇ ياش قىز يەنىلا مېنىڭ چۈشۈمنى قالايمىقان قىلمىسۇن.»

ئۇ يەنە ئويلاپتۇ: ئەقىللىق ئادەملەر خەۋپ – خەتەر چىقىپ قىلىشىدە قورقۇپ، ئۇن خىل ئايالغا مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. ئىشلەر: ئادەم خانىشقا، ئاتىسىنىڭ ئايىلىغا، چوڭ ئەمەلدار (؟) نىڭ ئايىلىغا، تۇققىنىنىڭ ئايىلىغا، ئۇستازىنىڭ ئايىلىغا، بەك خۇشامەتچى ئايالغا، شەخسىيەتچى ئايالغا كۆرگەنلا ئادەمگە كۆڭۈل بېرىدىغان ئايالغا، بولۇپمۇ گۈزەل ئايالغا يېقىنلاشماسلىقى كېرەك، ئەگەر ئۇ ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەيدىغان ئادەم بولسا، دېيىشىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنىڭ تۇققىنىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلماسلىقىم كېرەك. بىراق ئۇ يەنە، «مۇشۇنداق جايدا، مۇشۇنداق پەيتتە، مۇنداق بىر گۈزەل قىز بىلەن ئۇچراشقاندا، كىممۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالايدۇ؟ شۇڭا مەن ئۇنىڭغا مۇھەببىتىمنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلمايمەن؟ مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ باقسام قانداق؟» دېگەن ئويغا كەپتۇ – دە، مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن راستىنلا قىزنىڭ قولىنى تارتىپتۇ، قىز شۇئان پارچە – پارچە بولۇپ كىتىپتۇ ئەسكى لاتا پارچىلىرى بىلەن شوينىلار يەرگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. دېمەك بۇ (ئادەم) ئەمەسكەن رەسسام بۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ، مۇنداق دەپتۇ: «مەن بۇ ماھىر ئۇستىغا ئالدىنىپتىمەن، ھەي، بۇ ئىشقى-نەپسىنىڭ كۈچى. دوتلۇقنىڭ دۆچى! ئادەم دېگەن بىر دۆۋە ئەسكى لاتا پارچىسىغىمۇ مۇھەببەت باغلامدۇ؟! ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ مەن زادىلا يوق ئىدىم، مېنى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياساپ چىققان، دېگىنى توغرا ئىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن مەن يوق ئىدىم. مەن بۇ ئەسكى لاتا پارچىلىرى بىلەن شوينىدىن ياسالغان نەرسىنى (راست) دەپتىمەن. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، كىشىلەر سۆڭەك، گۆش

www.uyghurkitap.com

ۋە پەيدىن ياسالغان نەرسىلەرنى، مەن، قىلىۋالغان ئىكەن.

ئەگەر مەن ئادەم تېنىنىڭ ھەر بىر قىسمىغا سىنچىلاپ قارايدىغان بولسام، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتالمىش، مەن، زادىلا بولمايدىكەن.

خۇددى مەن بىر دوۋە ئەسكى لاتا پارچىسىغا مۇھەببەت باغلىغاندەك، ئوخشاشلا ئۆزەمنىڭ تېنىمنى ئاسرايمەن، يوقالسۇن مۇنداق قارغۇلارچە ئىشقى-ھەۋەس!

— بۇ ئۇستا ماھىر ئۆز ماھىرىتىنى كورسەتكەن ئىكەن، ئەمما نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز ماھارىتىمنى كورسىتىپ قويمايمەن؟ ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ قىنەلەم (؟) ۋەسىيالىرىنى قولىغا ئېلىپ (6)، ئۆزىنىڭ سورىتىنى بوينىغا ئاغامچا سېلىنغان ئولۇك ئادەم قىياپىتىدە قىلىپ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى (7) تامغا سىزىپتۇ. قانداق سىزىپتۇ؟

بېشى بىر ئاز تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، ........ كوزلىرى پۇلتۇيۇپ چىقىپ كەتكەن؛ كالپۇكلىرىمۇ ساڭگىلاپ كەتكەن (؟)

پۇت — قوللىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، قوسىقى ........ (8)، بوينىغا بىر تال ئاغامچا سېلىنغان بولۇپ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىلىپ ئولگەن.

تېرىلىرى ساغىرىپ كەتكەن ........

ئۇ، ئۆزىنى مۇشۇنداق سىزىپ بولۇپ، قەلەمنى تىقىپ قويۇپ ئىشىكنىڭ ئار — قىسىغا (9) مۆكۈۋاپتۇ

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ماھىر ئۇستا رەسسامنى كورگىلى كېلىپ، ياغاچ قىزنىڭ يەردە پارچە — پارچە بولۇپ ياتقانلىقىنى، رەسسامنىڭ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا ئېسىلىپ ئولىۋالغانلىقىنى كورۇپتۇ — دە، قاتتىق ئاۋاز بىلەن "ۋاي ئىسىت! ۋاي ئىسىت! دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇئان ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى — خۇلۇم-خوشنىلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ بىر توپ ئادەم يىغىلىپتۇ. ئۇلار: "بۇ كىم؟" دەپ سوراپتۇ. ماھىر ئۇستا قايغۇرغان ھالدا: "ئەپەندىملەر، قاراڭلار، ماڭا كەلگەن پىشكەللىكنى: بۇ كىشى رەسساملار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى رەسسام بولۇپ مېنىڭ دوستۇم ئىدى (؟). ئۇ بۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەلگەن، بىر قونچاق قىز ئۇنى كۈتكەن ئىدى، بۇ قونچاق قىزغا كويۇپ قېلىپ، ئۇنى تارتقاندا، ئۇ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، نومۇس قىلىپ كىتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولسا كېرەك تەنە ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىلغانلىق تۇرىدۇ ئەنە، قاراڭلار!" دەپتۇ.

بۇ رەسىمنى كورگەنلەرنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئويلاپتۇ ۋە: "ۋاي ئىسىت!" دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماھىر ئۇستا پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ: "جانابى ئالىيلىرى، باشقا ئەلدىن بىر رەسسام كېلىپ مېنىڭكىدە قونغان ئىدى. ھازىر ئۇ بىر ئىشتىن نومۇس قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋاپتۇ، بۇ ئەھۋالنى ئالاھىدە مەلۇم قىلىپ كەلدىم" دەپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ سوزىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ

داش ۋەزىرىنى (كورۇپ) كېلىشكە ئېيۋەتىپتۇ. ۋەزىر ۋە مۇشۇ دۋابەتنىڭ ئادەملىرىدىن بۇ رەسىمنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئېيتىشىپتۇ، شۇڭا ئۇلار يىغى — زارى قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماھىر ئۇستا كۈيچىلىككە: "يىغىنىڭ پايدىسى يوق (؟)، ماڭا بىر پالتا ئەكىلىپ بېرىڭلار! ئاغامچىنى كېسىپ، ئۇنى چۈشۈرەيلى!" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماھىر ئۇستا پالتا بىلەن ئاغامچىنى كەسمەكچى بولغاندا، رەسسام چىقىپ، ئۇستىغا: "كەسمەڭ! كەسمەڭ! كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن ماھىر ئۇستا، تېمىڭىزنى زېھىدە قىلماڭ. مەن سىزغان رەسىمنى سەۋەپسىز بۇزۇۋەتمەڭ. دوستۇم (؟) ئىنچىكىلەپ قاراپ بېقىڭ! سىز ئالدى بىلەن بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ: رەسىم بىلەن رەسسام ئوخشاش ئەمەس. سىز بۇنى بىلمەمسىز؟" دەپتۇ.

قاراپ تۇرغانلار ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

تەرجىمە مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى، ئەمدى مەن ئالدى بىلەن ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بىر قانچە جايىنى چۈشەن- دۈرۈپ ئۆتەي: ① ئەسلى نۇسخىسىدىكى IamasSigIneg كېيىن IpaS·Iap دەپ ئۇقۇلغان، بۇ سۆز "باش" دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان بولسىمۇ، بۇ سۆز باش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان بولسىمۇ، سېگ - Sieg بۇنى "كارۋات بېشىدا" دەپ ئىزاھلىغان. مېنىڭچە بۇ بەك زورۇقۇش بولۇدۇ، ئەسلى نۇسخىسىدا كارۋات دېگەن سۆز زادىلا يوق. ھازىر بۇنى تېخى قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز، بۇ سۆزنىڭ دەل 《说切有部毗奈耶药事》 دىكى "ئالدىغا كېلىپ" تۇرۇپتۇ، دېگەن سۆزدىكى "ئالدىغا كېلىپ" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. (2) ئەسلى نۇسخىسى تىتىلىپ كەتكەن بولغاچقا، چالا يەرلىرى بار. سېگ — Sieg "ئۆز ئۆزىنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى سەۋۋۇللاشتۇردى، ئۇ گۈزەللىك ۋە كەمتەرلىكنى قولغا ئېلىۋالغان" ندەك تۇراتتى دەپ ئىزاھلىغان، بۇ بەكمۇ ئابستراكىت بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، مېنىڭچە ئۇ قىز قولىغا كونكرېت بىر نەرسە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى، (3) بۇرۇن ئەسلى نۇسخىسىدىكى pamypam نىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدىم، ھازىر خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ مەنىسىنى "كۈتۈش" دەپ مۇئەييەنلەشتۈردۈم. (4) ئەسلى نۇسخىدىكى twaKna tәmnuman بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان سانسكرىتچىدەك قىلىدۇ. جۇڭگودا ئوخشاش ژانىردىكى ئەسەرلەر ئاخىرى "شېئىر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدىغان" "بۇنىڭغا شېئىردا دېيىلىل بار" بولۇپ قالىدۇ (5) ئەسلى نۇسخىسىنىڭ چالا جايلىرى بەك كۆپ بولۇپ، مەنىسى ئېنىق ئەمەس. (6) ئەسلى نۇسخىدىكى lyuwvəmyo+eyün مۇشۇ جايدىلا ئۇچرايدۇ. سېگ - Sieg بۇنى قەلەم بىلەن سىيا دەپ ئىزاھلىغان، لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ بەكمۇ ئاساسسىز. 《杂譬喻经》 دە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆز "شۇنىڭ بىلەن رەسسام ئامال تېپىپتۇ" دەپ ئېيتىلغان. بۇ يەردىكى "ئامال" سۆزى سانسكرىتچىدىكى upaya نىڭ تەرجىمىسىدۇر. upaya نىڭ قورال - سايمان ۋە ئۇسۇل دېگەن مەنىسى بار، مېنىڭچە، بۇ يەردىكى توخارچە upaya سانسكرىتچىدىكى upaya غا ئوخشاش. (7) بۇرۇن ئەسلى

www.uyghurkitap.com

نۇسخىسىدىكى SpnacalariKmarnl نىڭ مەنىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ھازىر دىكى "ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا" دېگەن بىر جۈملە 《根本说一切有部毗奈耶事药》 سۆزگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم. (8) ئەسلى نۇسخىسى تولۇق ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ مەنىسى نېھىمال «قوشنى چىقىپ قالغان» دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. (9) ئەسلى نۇسخىسىدىكى Ela نىڭ مەنىسىنى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن، "ئىشىك قانىتى" دەپ بېكىتتىشكە بولىدۇ

پارچە — پۇرات قىلىپ تالاي يازدىم، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئوخشاش بىر ھېكايىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ (ئەلۋەتتە، باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش) توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىنى چۈشىنىشكە ياردەمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل يېقىن تېپىلغان مۇشۇنداق قەدىمكى زامان تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئۇسۇلى. مۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتتا يەنىلا مۇشۇ يولدا مېڭىش كېرەك. ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى — يامان بولۇشى تامامەن بىز تاپقان تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە ۋە بىزنىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىش ماھارىتىمىزنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە باغلىق

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ توخارچە تەرجىمە نۇسخىسى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا نۇرغۇن ئىلھام بېرىشى مۇمكىن دەپ ھېس قىلىمەن. توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىنى يۇقۇرقى ئىككى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرساقلا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى دەرھال كۆرۋالالايمىز. خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى پەقەت نەسرى شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك قىسقا. توخارچە تەرجىمە نۇسخىسى نەسرى شەكىل بىلەن شېرى شەكىل ئارىلاشتۇرۇلغان نۇسخا بولۇپ، ئۇمۇل فانتازىيىگە، جانلىق تەسۋىرگە ئىگە بىر پارچە گۈزەل ئەدەبى ئەسەردۇر، بىز بۇنى ئوقۇغاندا جۇڭگونىڭ نۇرغۇن رومانلىرىدىمۇ شېرى شەكىل بىلەن نەسرى شەكىلنىڭ ئارىلاش ئىكەنلىكى تەبىئى ھالدا ئېسىمىزگە كېلىدۇ. "شېر ئارقىلىق ئىسپاتلاش" دېگەن سۆزلا بولىدىكەن نەشىرشەكلىدىن شېرى شەكىلگە ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ژانىر بەك ئەۋج ئالغان. بىز بۇنى ھىند — دىستاندىن كەلگەن، دەپ كەلدۇق، بۇ سۆز خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن نەسرى شەكىل بىلەن شېرى شەكىل ئارىلاشقان بۇددىزملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل ھېكايىلار مۇشۇ توخارچە تەرجىمە نۇسخىسىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توخارچە يېزىقتىكى ھېكايە (توخارچىدا يەنە نۇرغۇن ئوخشاش ژانىردىكى ھېكايىلەر بار) دەل سانسكرىتچە بۇددا نومىدىن جۇڭگو ھېكايىلىرىغا ئوتتۇشتىكى بىر كۆرۈككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پاكىت جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتسىز بولمىسا كېرەك!

مەن يۇقۇرىدا بىرلا ھېكايىنى مىسال قىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ماتېرىيالىغا ھەقىقەتەن ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردۇم. «يىغاچچى بىلەن رەسسام

ھېكايىسى» غا ئوخشاش ھېكايىلەرنىڭ كېنگىت (قاراشەھەر) تىلىدىلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ مۇندىن باشقا قېدىمقى زامان تىللىرى ۋە ھازىرقى زامان تىللىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن يۇقىرىدا شىنجاڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە باشقا جايلاردا بولمىغان ئورغۇن شەرت-شارائىتلارغا ئىگە دېدىم. شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ تەتقىقات خىزمىتىگە قاتنىشىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ جۇڭگوچە ئىلمىي ئېقىمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

روزى تۇردى تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تارىخ تەتقىقاتىدا مىللىي مەسىلىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى توغرى ھەل قىلىش توغرىسىدا

گۇباۋ

## ( 1 )

مەملىكىتىمىز — كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى، مەخسۇس تارىخى ياكى رايونلار تارىخىنى تەتقىق قىلىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا مىللىي مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش مەزمۇنى كەڭ بولغان مىللىي مەسىلىگە تېخىمۇ چېتىلىدۇ. تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى قانداق توغرى شەرھلەش تارىخنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ چاغلاردا كىشىلەرنى ئۇچقىلا ھاياجانلاندۇرىدىغان رېئال سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. تارىخ تەتقىقاتىدا، تارىختىكى مىللىي مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، سەلبىي تەسىر كېلىپ چىقىدۇ، بۇ، سەل قاراشقا بولمايدىغان زور مەسىلە.

تارىخ تەتقىقاتىدا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك، مەزمۇنى كەڭ بولغان مىللىي مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: ① تارىختا يىغىلىپ قالغان كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئېنىقلاشقا تېگىشلىك؛ ② نۆۋەتتە كىشىلەر جۈملىدىن تارىخشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار، تارىخ دىراما ـ تورگىلىرى قاتارلىقلارنىڭ كۆپلىگەن تارىخىي مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ. بەزى دوفسىزەرلەر نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمىشى قىيىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ زىيانلىق بولىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە چوڭراقلىرىدىن بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ مۇھاكىمىگە قويماقچىمىز.

# (2)

مەملىكىتىمىز — كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت، قانداق قىلىپ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرى ئىزاھلاش، تەبىئىكى، تارىخشۇناسلىق خادىملىرىنىڭ ئالدىدىغا قويۇلغان زور تېما. بىز تارىخنى خەلق ئاممىسىنىڭ ياراتقانلىقىغا، جۇڭگو تارىخىنى جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ياراتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز، بىز سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مىللىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكىگىمۇ قەتئىي ئىشىنىمىز. مانا شۇنداق تونۇشلىرىمىزغا ئاساسەن، مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ھەمدە دوستانە بېرىش - كېلىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلايمىز.

«تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1980 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي كۈرەش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش» — مەنىسى مول، كىشىلەرگە ئىلھام بېرەلەيدىغان ماقالا، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ماقالىدىكى بەزى نۇقتىنەزەرلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ماقالا جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي كۈرەشنى ئىنتايىن نامۇۋاپىق دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىۋەتكەن. ھەتتا ئۇنىڭدا: "ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا، ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا، تامامەن كۈچلەرنىڭ ئانتاگونىزمىغا تايىنىلغان. چوڭ - كىچىك، كۈچلۈك - ئاجىزلار ئارىسىدا تېنچ بىللە تۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇقۇم تۈپتىن مەۋجۇت بولمىغان"، "بۆرىنىڭ قوينى يېيىشى، قوينىڭ بۆرە تەرىپىدىن يېيىلىشى — ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتتە ئادەم ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىلغان ئەمەس، ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ بەزى ياشاش قانۇنىيىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگىمۇ ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ" دېيىلگەن. ئۇنىڭدا يەنە "تارىختىكى ئۇرۇشلار ۋە كەڭ كولەملىك قىرغىنلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي كۈرەش" دېيىلگەن. مېنىڭچە، بۇ ھۆكۈمنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشى قىيىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

بىرىنچىدىن، ئوخشىتىشنىڭ مەنتىقىلىقى خېلى قالايمىقان. قوي بىلەن بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ھايۋان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداقمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ ئىنسانلار گەرچە ھايۋاناتلار جۈملىسىگە كىرسىمۇ، لېكىن ئۇ كائىناتلار ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقتۇر، ئىنسان ئۆرە ماڭالايدىغان ئىككى پۇتقا، قورال - ۋاستىلارنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان ئىككى قولغا، تەرەققىي قىلغان چوڭ مېڭىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىسمانى جەھەتتىكى بۇ خۇسۇسىيەتلەر باشقا ھەر قانداق ھايۋانلاردا ھازىرلانغان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنسانلار يەنە ئالماشتۇرىدىغان باي تىل- يېزىقتا ، نەچچە يۈزمىڭ يىللار مابەينىدە يىغىلغان ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە، ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يەنە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى شەكىللەندۈرگەن ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائى تۈزۈلۈشى بار. شۇڭا، قوي بىلەن بۆرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە پەرق ناھايىتى زور. بۆرىنىڭ قوي يېيىشى ئادەتتىكى ئىش، ئادەمنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشى بولسا، تارىختىكى ناھايىتى ئايرىم ھادىسىدۇر. بىز ئېيتقان «ئادەم گۆشى زىياپىتى»، «ئادەم ئادەمنى يەيدىغان جەمئىيەت» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر پەقەت سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان. بۆرىنىڭ قوي يېيىشى - بىر خىل تەبىئى ھادىسە، ئادەمنىڭ ئادەمنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئادەمنىڭ ئادەمنى ئېزىشى - بىر تۈرلۈك ئىجتىمائى ھادىسە. ئوخشىمىغان بۇ ئىككى تۈرلۈك ھادىسىنى باراۋەر ئورۇندا قويۇشقا، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھايۋانلارنىڭ ھاياتى تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى بولسا، ئىجتىمائى قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئەر - ئايال بولۇشى، تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى، ئاغرىپ ئۆلۈشى قاتارلىقلار تەبىئەت ھادىسىسى بولۇپ، ئوخشاشلا تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. ئىنسانلاردىكى ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنىڭ رولى يەنىلا ئەڭ مۇھىمدۇر. ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى كۆپىيىش ھادىسىسىنى قانداقسىگە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى نىكاھ، ئائىلە، مىراس ۋارىسلىقى قاتارلىق ئىجتىمائى تۈزۈم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى جىنسى مۇناسىۋەتنى يەنە قانداقسىگە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى رومىيو بىلەن ژۇلىيانىڭ، جيا باۋيۈي بىلەن لىن دەيۈيىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ دارۋىن جانلىق مەۋجۇداتلار تەدرىجى تەرەققىيات تەلىماتىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ جەمئىيەت تەدرىجى تەرەققىياتى نەزەرىيىسى، جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزىمى نەزەرىيىسى، ئىرق ئۈستۈنلۈكى نەزەرىيىسى قاتارلىق ئىلمىي مەزھەپلىرى مەيدانغا چىقىپ، دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ۋە كۆچۈرۈپ ئېلىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ئىزاھلاشقا ئورۇندى. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلەر غالىپ بولىدۇ، ئاجىزلار مەغلۇپ بولىدۇ، ئىرق ئەۋزەللىكى دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلىرى تارقىتىشى ئىنسانىيەتنىڭ رېيال تۇرمۇشىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاش بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئوچۇق - ئاشكارا مەدەت بەرگەنلىكتۇر. شۇڭا بۇ، ئىنتايىن

ئەكسىيە تىچىلمەكتۇر. بىزنىڭچە، تارىخنى داۋزون تەلىماتىدىكى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ، ئىنسانلار جەمئىيتىنى پەقەتلا ماركسىزم-لېنىنىزىم بىلەن چۈشەندۈرگىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن جەمئىيەت قانۇنىيىتىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش- يېقىنقى زامان بۇرژۇئا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىقىدىكى بەزى ئېقىملارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى،

ئۈچىنچىدىن، ئۇ داۋاملىدا: "تارىختىكى ئۇرۇشلار ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي ئۇرۇش" دېيىلگەن. مەن بۇ نۇقتىنەزەردىن گۇمانلىنىمەن. جۇڭگو تارىخىدىن ئېيتقاندا، بۇ ماقالە بىزگە مىللىي كۈرەش، دىخانلار قوزغىلىڭى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايونلار ئارا بولغان ئۇرۇشلار (مەسىلەن، چۇن، چۇ، جەنگو 3 دۆلەت قاتارلىق)، گۇروھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار (جەنۇبىي ھونلار- بىلەن شىمالىي ھونلار، شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر، شەرقىي موڭغۇللار بىلەن غەربىي موڭغۇللار)، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار (مەسىلەن: بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك دىنىي ئۇرۇشلار، ئاق تاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئارىسىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى قاتار- لىقلار) نىڭ قانچە قېتىم يۈز بەرگەنلىكى، ئۇنىڭغا قانچە ئادەم - قېتىم قاتناشقانلىقى، ئۇنىڭ ھەر قايسىسىدا قانچە ئادەم ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئىزاھات بېرىدىغان بىر پارچە ئىستاتىستىكا مەلۇمات كۆرمىگەن، مېنىڭ مۇنداق بىر ئىستاتىستىك مەلۇمات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىم يوق. مۇنداق ئىستاتىستىك مەلۇماتنى ئىشلەپچىقىشتا قىيىنچىلىق ئاز ئەمەس، چۈنكى بۇ ھەرگىز ماتېماتىكا مەسىلىسىلا ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشلار،

ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشلار، جۈملىدىن دىخانلار قوز- غىلاڭلىرى ۋە تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ھاكىمىيەت ۋە مەنپەئەت تالىشىش يۈزىسىدىن قوزغىغان ئۇرۇشلار مىللىي ئۇرۇشتىن كۆپ بولغان، بەلكى كەسكىن بولغان. ماۋجۇشى «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە: "جۇڭگو تارىخىدىكى دىخانلار قوزغىلاڭلىرى كۆلىمىنىڭ زورلۇقى جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ" دېگەن ئىدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۆپ قېتىملىق مىللىي كۈرەشتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەپكە ھەمىشە ناھايىتى كۆپ خەنزۇلار قاتناشقان. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

تۆتىنچىدىن، يەنە بىر نۇقتىنى ئىزاھلاشقا توغرى كېلىدۇ، يۇقىرىدىكى ماقالىدا: "ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت ۋە مىللەت، ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەت ئارىسىدا تامامەن كۈچلۈك، ئانتاگونىزىمغا تايانغان چوڭ - كىچىك، كۈچلۈك - ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا

تېچ بىللە تۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىش دېگەن ئۇقۇم ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان دېيىلگەن. بىزنىڭچە، بۇ سۆز ھەقىقەتەن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن. قەدىمقى زاماندىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە مىللىي كۈرەش بولغان؛ شۇنىڭدەك ئۆز ئارا ئىقتىسات-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، دوستانە بېرىش-كېلىشمۇ بولغان. مىللىي كۈرەش ھەر دائىم بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ ھەر يىلى، ھەر ئايدا ياكى ھەر كۈنى يۈز بېرىۋەرمەيدۇ؛ مىللەتلەر ئارا ئىقتىسات-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە دوستانە بېرىش-كېلىش بولسا، ھەر يىلى، ھەر ئايدا، ھەر كۈنى، ھەممىلا يەردە بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە دوستانە بېرىش-كېلىشنى تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دەپ قارايمىز. بەزىلەر بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايدۇ، ئۇلار: قەدىمقى زاماندىكى دېخانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىقتىسات ئىدى، ئۇنىڭدا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك، قەدىمقى زاماندا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ ناھايىتى زور تەسىرىگە ئۇچرىغان، چۈنكى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمران ئىدىيە بولۇپ، شۇ چاغدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. بىزنىڭچە بۇ سۆزلەر يوللۇق. لېكىن، شۇنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىمكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈنسىز بۇيرۇق، ئۇ بارلىق توسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سەددىچىن سېپىلى ئىچىدە دېخانچىلىق ۋە قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللانغان خەنزۇلارنىڭ سەددىچىننىڭ سىرتىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قايسى كۆچمەن مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا. بۇ ئەزەلدىن مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ زور مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى، بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئارا تولۇقلاشتىن ئىبارەت دوستانە مۇناسىۋەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك زور ۋەقە بولۇپ كەلگەن.

ئەسلىدە ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپچىقىرالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە لازىم بولغان ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ۋە قورال-سايمان قاتارلىق كۆپلىگەن دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېخانچىلىق رايونلىرىدىن ئالاتتى. ئۇنى ئېلىشتا ئۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇلنى قوللانغان: خىلى، بىرىنچىدىن، ئۇرۇش ئارقىلىق بۇلاپ ئالاتتى، ئىككىنچىدىن، سودا-سېتىق ئارقىلىق چارۋا مال ۋە ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاشلىق ۋە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇراتتى. ئالدىنقى بىر خىل ئۇسۇلنى ھەر دائىم قوللىنال-

مايتتى، بەلكى بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە خەۋپلىك بولۇپ، ھامان كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆلەت ھەم مۇداپىئە قورغانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرلەرنى ئېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى، ئۇلار بۇ ئۇسۇل بىلەن بەزى لازىمەتلىكلەرنى تالان - تاراج قىلالىسىمۇ، لېكىن، بۇ، شۇ چاغدا ناھايىتى ئازغىنە، قان بەدىلىگە توختايتتى، ھەتتا كېيىن ئەڭ ئېغىر ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراپ، كۆپ چاغلاردا ئالغان پايدىسى تارتقان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايتتى، تىنچ يول بىلەن سودا ئېلىپ بېرىش بىخەتەر بولۇپ، ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەر دائىم قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئاساسلىق ئۇسۇل ئىدى. ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان، ئىككى تەرەپ ناھايىتى ئۆچمەنلىشىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بۇ خىل سودا - سېتىق ئادەتتىكىدەكلا داۋاملىشاتتى، خۇددى «تارىخنامە. ھونلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك: «شۇنىڭدىن كېيىن، ھونلار قۇدىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىپ، ھەر تەرەپتىكى ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، خەنزۇ چېگرىلىرىغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرگەن ئىدى، بۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. تويمىخور ھونلار خەن خاندانلىقىنىڭ مال - دۇنياسىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن بازار سودىسىغا قىزىقاتتى، خەن خاندانلىقىمۇ بازار سودىسىنى رەت قىلمايتتى». بۇ سۆزدە ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپلىمىلىك بار، «ھونلار خەن خاندانلىقىنىڭ مال - دۇنياسىغا قىزىقاتتى»؛ خەن خاندانلىقى قانداقمۇ ھونلارنىڭ مال - دۇنياسىنى ياخشى كۆرمەسمۇ؟ ھونلار خەن خاندانلىقىنىڭ «مەشۇت، ھاراق، گۈرۈچ ئاشلىق» («تارىخنامە. ھونلار تەزكىرىسى» بابىدىن) لىرىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، خەن خاندانلىقىمۇ ھونلارنىڭ «ئېشەك، خېچىر، تۆگىلىرى ۋە ئات - ئۇلاغلىرى» نى ياخشى كۆرەتتى («تۇز - تۆمۈر مۇھاكىمىسى. تىجارەتچىلىك» بابىدىن). ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، ئەزەلدىنلا ئۆز ئارا ئالاقە مەۋجۇت ئىدى.

تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ۋە قېزىپ چىقىرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاساسەن ھەر خىل يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، ھەر خىل مەشۇت، كەندىر توقۇلمىلىرى، ھەر خىل ئاشلىق، ھاراق، چاي، ۋە فارفور بۇيۇملىرى، تۆمۈر، ھەر خىل مېتال ئەسۋاپلار ۋە قورال - سايمان قاتارلىقلار توشۇلاتتى. ئازسانلىق مىللەت كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن خەنزۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاساسەن ھەر خىل چارۋا ماللار، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياۋايى ھايۋان تېرىلىرى ھەتتا بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار، بوكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق ھەر خىل قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى توشۇلاتتى، خەنزۇ رايون- لىرىنىڭ يىپەك، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىق كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرى ئاز سانلىق مىللەت كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كۆپلەپ توشۇلغان دېيىلسە، كىشىلەر گۇمانلانمايدۇ، خەنزۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىقىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا توشۇلغان دېيىلسە، كىشىلەر بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ، چۈنكى مەملىكىتىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com

خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمىي كىتابلاردا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ «يەيدىغىنى گۆش، ئىچىدىغىنى سۈت» دېيىلگەن، بۇ توغرا بولمىغان. ئەمەلىيەتتە، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى سۈت ۋە سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق- تولا ئاشلىق بىلەن ئوزۇقلانغان. چارۋىچىلارنىڭ يەيدىغان گۆشى دېھقانلارنىڭكىدىن كۆپرەك، ئەلۋەتتە. ئەگەر ئۇلار پۈتۈنلەي گۆش بىلەن ئوزۇقلانغان بولسا، ئاددىي چارۋىچىلار ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى ئارۋا ماللىنى بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا تامامەن يەپ تۈگەتكەن بولاتتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوزۇقلۇقنىڭ قىس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. 1946 - يىلى، سىچۈەن، گەنسۇ چېگراسىدىكى بەيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان دىبۇ دېگەن جايدا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا، شۇ يەردىكى زاڭزۇ چارۋىچىلىرىنىڭ كالا مۈڭگۈزىنى ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلغانلىقىنى ئۇچراتقان ئىدىم. بۇنىڭدىن ئاشلىقنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا، كىشىلەرنىڭ ھەر دائىم «بۇ ھەقتە ئاچارچىلىقتىكى يايلاق» دېگەنلىرى بىكار گەپ ئەمەس.

خەنزۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق بولۇپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان. ماقالا ھەجمى سەۋەبى بىلەن، بۇيەردە ئىككىلا مىسال كەلتۈرەلەيمىز: مەلۇمكى، مىلادىيىدىن 81 - يىل ئىلگىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋ پادىشاھلىقى ۋاقتىدا، تۇز- تۆمۈر يىغىنى چاقىرىلغان، باش سەركەردە خوگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى - «ئەدىپلەر» (ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر)، دانىشمەنلەر («يەزىلەنلىك - قابىلىيەتلىك» دەپ تاللانغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر) خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىجارەت ئالماشتۇرۇشىغا قارشى تۇرغان. ئۇلار «ھازىر ئىشەك - بىلەن خېچىرنىڭ رولى كالا بىلەن ئاتنىڭ رولىغا يەتمەيدۇ» («تۇز - تۆمۈر ھەققىدە. تىرىشچانلىق» بابىدىن) دېيىشكەن، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىشەك، خېچىرلارنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق دەپ قارىغان. باش ئەمەلدار ساڭخۇڭياڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار بۇنداق پىكىرگە كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ: «ئىچكى ئايماقنىڭ پۇخراسى تولا... ساپاننى ئادەم سۆرەيدۇ، ۋوكنى ئادەم كۆتىرىدۇ، ئارچىغانلىقتىن ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ، پۇخرالار گادايلىشىپ قوسىقى تويمايدىغان بولدى، كىيىمى پۈتۈن ئەمەس، قېرى - ئاجىزلار ھارۋا سۆرەمەكتە، ئەمەلدارلار كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرماقتا» («تۇز - تۆمۈر ھەققىدە. يۇرۇشمىگەن» بابىدىن) دەپ قارىغان، يەنى، ئات، ئىشەك، خېچىر قاتارلىقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئىچكى رايونلارغا كىرىشى ئىچكى رايونلاردىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاشتا پايدىسى زور بولىدۇ، دەپ ھېساپلىغان. تۇز- تۆمۈر يىغىنىدىن بىر يىل كېيىن، ساڭخۇڭياڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، «ئات، ئىشەك، تۆگە، خېچىرلارنى كىرگۈزۈپ تۇرۇش» («تۇز — تۆمۈر ھەققىدە. تىرىشچانلىق» بابىدى-

ىن ) تەك ۋەزىيەتنى ھەرقانداق بىر كۈچ توسىيالمىغان، كېيىنكى تارىخمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلىغان.

يېپەك توقۇلمىلار، كەندىر توقۇلمىلارنىڭ ئىچكى رايونلاردىن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا توشۇلۇشى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك شارائىتىنى ياخشىلاشتىمۇ پايدىسى زور بولغان. «تۈز - تومۇر ھەققىدە» دە: «چەت رايون كىشىلىرى ...... ئۈزۈمۋە كەندىردىن مەنپەئەتدار ئەمەس، جۇڭگو (ئىچكى رايونلار — نەقىل كەلتۈرگۈچى) مەشۇتلىرىدىن كىيىم كىيىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تېرە - يۇڭلار ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدۇ. ئۇلار يازدا يالاڭ كىيىم كىيەلمەيدۇ، قىشتا ئۈككۈردىن چىدىيالمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ بايانلار بىزنىڭ ئىچكى رايونلارنىڭ يېپەك توقۇلمىلىرى بىلەن كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئوينىغان رولىنى چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرەلەيدۇ. «يول توسۇپ تۇرسىمۇ بەستى ئېگىز تاغ - داۋان، ئاقىدۇ دەريا توختىماي، توسالغۇسىز ھامان» دېگەندەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنى ھەرقانداق كۈچ توسىيالمايدۇ.

بەزىلەر بۇ ماقالىدىكى «بۆرە قوي يەيدۇ، قوي بۆرە تەرىپىدىن يېيىلىدۇ» دېگەن بۇ مۇلاھىزىگە بەك قايىل بولۇپ كەتتى، بەزىلەر تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدە ماقالا يازغانمۇ بولدى. ئۇلار تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يېيىش مۇناسىۋىتى قىلىپ يەكۈنلىدى. بەلكى تارىختىكى مىللىي كۈرەش (دىققەت: سىنىپىي كۈرەش ئەمەس) تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان، دېيىشتى، ۋاھاكازالار. بۇنداق نەزەرىيە ئەلۋەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بۇ ماقالىنىڭ بۇنىڭدا مەسئۇلىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئاشۇنداق يېزىشقا تۈرتكە بولغان بىۋاستە سەۋەبتۇر. ئۇ ماقالىنىڭ تەسىرى زور بولغانلىقتىن، بەزى بەكمۇ يېتىلمىگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلدىم. بۇ ھەقتە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ تەلىم بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## (3)

«تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1980 — يىل 5 — سانىدا ئېلان قىلىنغان «تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر قانچە مىزانى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدا، تارىختا جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىپ، «مەملىكىتىمىز قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ «ئىلمىي ئاساسى يېتەرسىز» دېيىلگەن. بۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

مېنىڭچە، «جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت» دېيىشنىڭ «ئىلمىي ئاساسى يېتەرسىز» ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. بىز مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق

قويۇلىشىنى تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن دەپ ھېسابلايمىز. مەملىكىتىمىز چىن، خەن دەۋرلىرىدىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت بولۇپ شەكىللەنگەن. تارىختىن بۇيانقى بارلىق سۇلالىلار، ۋە دەۋرلەردە كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان تارىخىي پاكىتتۇر، تارىختا كۆپ قېتىم بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىرلىك ھامان مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. جۇڭگونى چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، دەپ ئاتاشقا بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا جۇڭگونى قەدىمدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت دېيىشكىمۇ ئوخشاشلا بولىۋېرىدۇ، چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، بۇنى قەدىم زامان ئەمەس دېيىشكە بولمايدۇ، قەدىمدىن بۇيان دېگەنلىك — قەدىمقى زامانلاردىن بۇيان دېگەنلىكتۇر. ئەلۋەتتە، بېيجىڭ مايمۇن-سىمان ئادىمى ياكى روزى دىساقتىن سۆز ئېچىشنى تەلەپ قىلالمايمىز. ئۇ چاغدا جۇڭگودىن ئىبارەت بىر كەڭ زېمىندا دۆلەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، مىللەتمۇ يوق ئىدى. بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتىن ئېغىز ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايتتى.

بىزنىڭ جۇڭگو قەدىمدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت دېگىنىمىزدە، پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشتا بىر تارىخىي جەرياننىڭ بارلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ھازىرقى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزگە قوشۇلغان ۋاقتى ئىلگىرى - ئاخىردۇر. مەسىلەن: غەربىي خەن ھۆكۈمىتى مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى (شېن جۆيىنىڭ 2-يىلى) ئۇلۇيدە (ھازىرقى شىنجاڭ بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئىچىدە) غەربىي رايون تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ (شۇچاغدا غەربىي رايون دەپ ئاتالغان) جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ ئەزاسى بولغان. شىزاڭدىكى چياڭ، زاڭ قاتارلىق مىللەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن خېلى بۇرۇنلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسىگە كەلگەندىلا ئۇسى، زاڭ، نالى سۇگۇلۇسۇن قاتارلىق ئۈچ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى سەركەردە مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزى مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تىبەت جۇڭگونىڭ رەسمىي بىر قىسمى بولغان. تەيۋەن ئارىلى چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان چوڭ قۇرۇغلۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. چوڭ قۇرۇغلۇقتىكى خەنزۇلار تەيۋەنگە ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان، تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ رەسمىي بىر قىسمى بولغانلىقىنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ ھېسابلاش كېرەك. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى فۇجيەننىڭ لۇجيەنجياڭ ناھىيىسىگە قارايتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە جېڭ چېڭگوڭ تەيۋەننى گوللاندىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇۋالغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى فۇجيەن ئۆلكىسىگە قارايدىغان تەيۋەن مەھكىمىسىنى قۇرغان.

جۇڭگو قەدىمدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت دېمەك، تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئىلمىي ھۆكۈم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جاھانگىرلىك، زومىگەرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى جەڭگىۋار شوئاردۇر. يېڭى چار پادىشا كونا چار پادىشانىڭ كونا مۇقامىنى تەكرارلاپ: «خەرىتە، جۇڭگونىڭ چېگرىسى گەنسۇ ۋە سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن ئۆتمىگەن، بالقاش كۆلىگە تېخىمۇ يېتىپ بارمىغان» دەپ ۋالاقلىدى. بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق - شىنجاڭ بىلەن تىبەت ئەسلىدە جۇڭگونىڭ زېمىنى ئەمەس، ئىدى دېگەن پىتنە - ئىغۋانى تارقىتىپ چىقىپ، ئۆكتىشلەرنى قايمۇقتۇرۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ جىنايى مەقسىدىگە يېتىش خام خىيالىدا بولغانلىق. 50 يىل ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولغان تەيۋەن ئەزەلدىن مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى بولسىمۇ، ياپون جاھانگىرلىرى تەيۋەننى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە ھەر خىل ئىغۋالارنى تارقىتىپ چىقىرىپ، تەيۋەننىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى. ھازىرغا قەدەر، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى ئەكسىيەتچىلەر يەنە جۇڭگوغا دۈشمەنلىك قىلىپ، سۇيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، تەيۋەننىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش خام خىيالىدا بولماقتا.

جۇڭگو قەدىمدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت دېگىنىمىزدە، شىنجاڭ قەدىمدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دېگىنىمىزدە، تىبەت قەدىمدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دېگىنىمىزدە، تەيۋەن قەدىمدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى دېگىنىمىزدە، ...... بىزدە بىر تۈرلۈك غۇرۇر — ھىسسىيات پەيدا بولىدۇ، بۇ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنە، سوۋېت زومىگەرلىرى ۋە ھەر قايسى ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇلغان كالتەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ( 4 )

قۇللۇق جەمئىيىتى، فېئوداليزم جەمئىيىتى ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى تامامەن مىللىي ئازاتلىق دەۋرى، دەپ ھېسابلايدىغان بىر تۈرلۈك مۇلاھىزە بار. بۇ مۇلاھىزە «بۇ خىل جەمئىيەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، مىللەت شەكىللەنگەندىن باشلاپلا ئۇ ئېزىش ۋە تەڭسىزلىك دۇنياسىغا كىرگەن. بۇ دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى زۇلۇم بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئازاتلىققا ئېرىشىش ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان» دەپ ھېسابلايدۇ. («مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىل 1-سانىغا بېسىلغان «مىللىي مەسىلە ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»گە قاراڭ.) بۇ مۇلاھىزە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇبھىلىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئالدى بىلەن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، مىللىي مەسىلە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى مىللىي مەسىلە قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى، فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى مىللىي مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى مىللىي مەسىلىمۇ بىر بىرىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ، ستالىن «ئوكتەبىر ئىنقىلابى ۋە مىللىي مەسىلە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا: «مىللىي مەسىلە يەككە يىگانە، ئۆزگەرمەيدىغان مەسىلە ئەمەس، مىللىي مەسىلە پەقەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنى تامامەن ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت، مەملىكەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى بەلگىلەيدۇ.» دەپ يازغان. (ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللەت، مۇستەملىكە مەسىلىلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 102 - بەت)

كاپىتالىزم دەۋرىدىكى مىللەت كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى مىللەتكە ئوخشىمايدۇ. لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدە بۇنى ئوخشىمىغان ئاتالغۇلار بىلەن قاتتىق پەرقلەندۈرگەن. مەسىلەن، ستالىن ئۆزىنىڭ: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كېيىنرەك، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، فېئودال بەگلىكلەرنىڭ يوقىتىلىشى ۋە مىللىي بازارلارنىڭ شەكىللىنىشى ئارقىسىدا، (كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى) مىللەتلەر (HapoH oCTb) تەرەققىي قىلىپ، (كاپىتالىزم دەۋرىدىكى) مىللەتلەر (HauNЯ) گە ئايلىنىپ قالدى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 15 - بەت) مېنىڭچە مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر، چۈنكى، قۇللۇق جەمئىيىتى، فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرگەن نەقىلدىكى HauNR دېگەن سۆزنى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى مىللەت، دەپ تەرجىمە قىلىش بىر قەدەر ياخشى. ئىلگىرىكى قەبىلە دەپ قىلىنغان تەرجىمە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى خەنزۇلار ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر مەزگىل مۇنازىرە قوزغالغان ئىدى.

كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر ئاساسەن بىر مىللەتلىك مەملىكەت ئىدى، بۇ مەملىكەتلەردە كاپىتالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر فېئوداللىق ئىستىبدات تۈزۈمىنى ۋە فېئودال بەگلىكلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، يات مىللەتلەرنىڭ مىللىي زۇلمىنى ئاغدۇرۇشقا ھەمدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللىي بازارلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەرپ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىلغار مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى ئاخىرلاشقان ئىدى. كېيىن كاپىتالىزمنىڭ مىللىي بازارلىرى كېڭىيىپ دۇنياۋى بازىر ئايلاندى، كۈچلۈك كاپىتالىزم ئەللىرى ھەدەپ مۇستەملىكە تالىشىپ، تاۋار بازارلىرىنى كېڭەيتتى ۋە ئەرزان خام ئەشيا بازارلىرىنى ئىزلىدى. بۇ

ۋاقىتتا ئەسلىدىكى بىر مىللەتلىك مەملىكەت، مەسىلەن: ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر كۆپلىگەن مۇستەملىكىلەرگە ئىرىشكەن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىر مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللى مەسىلە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مىللى مەسىلىگە، مۇستەملىكە مەسىلىسىگە ئايلاندى.

غەربىي ياۋروپا مىللى مەملىكەت ھالىتىگە كىرگەندە، شەرقىي ياۋروپادىكىلەر تېخى كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتلەر ئىدى، بۇ مەملىكەتلەردە مىللى زۇلۇم ئەينىچە ساقلانماقتا ئىدى بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپادىكى چار روسىيە بارلىق كۈچى بىلەن خوشنىلىرىغا كېڭەيمىچىلىك قىلدى، ئۇ ئورال تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كۆپلىگەن ئاسىيا ئەللىرىنى يۇتۇۋالدى ھەمدە تەڭسىز شەرتنامە ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليون 500 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چار روسىيە يۈزلىگەن غەيرىي رۇس مىللەتلىرىگە ھوكۇمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، كىشىلەر چار روسىيىنى «مىللەتلەر تۈرمىسى» دەپ ئاتىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن قارىغاندا، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى مىللى مەسىلە قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى، فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى مىللى مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ. غەربىي ياۋروپادىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىنى ئىلغارلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى، ئەمما، كېيىن غەربتىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، ھانگىرلىك خەدەم قويغاندىن كېيىن دەۋرىگە كەلگەندە مۇستەملىكىلەردىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنى ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكە ۋە بېقىندى مەملىكەتلەردىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى قوزغالدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا نۇرغۇن يېڭى گۈللەنگەن مۇستەقىل دۆلەتلەر، يەنى زور بىر تۈركۈم 3- دۇنيا ئەللىرى مەيدانغا كەلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى قەدىم زاماندىكى مىللى مەسىلە بىلەن يېقىنقى زاماندىكى مىللى مەسىلىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەملىكىتىمىز قەدىمدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللى زۇلۇمدا خەنزۇلارنىڭ ھوكۇمران سىنىپى ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى خېلى ئۇزۇن دەۋرلەر ئەزگەن، بەزى چاغلاردا، بەزى رايونلاردىكى مەلۇم ئازسانلىق مىللەتنىڭ ھوكۇمران سىنىپى خەنزۇلارنى ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئەزگەن، ئىچىدىكى مەسىلەن: يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە ھوكۇمرانلىق قىلغاندا شۇنداق بولغان، ھونلار، سايبېلار، تۈركلەر، تۈبۈتلار ۋە لياۋ، جىن، غەربىي شيا قاتارلىق مىللەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا ھوكۇمرانلىق قىلغاندىمۇ شۇنداق بولغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، سىچۈەن ئولكىلىرىنىڭ چېگرىسى لياڭ شەندىكى مىللەتتىن بولغان قۇللار

www.uyghurkitap.com

سىنىپىي ھەردايىم خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقلىرىنى بۇلاپ ئاپىرىپ قۇل (ۋازى) قىلغان. جۇڭگو-نىڭ ئۇزاق قەدىمقى زامان تارىخىدا، سۇلالىلار ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغان، ھوكۇمران مىللەتمۇ ئالمىشىپ تۇرغان، ئەمما مىللىي زۇلۇم يوقالمىغان يوق، مىللىي مەسىلە ھەل بولمىغان ئۇچاغدا. «مىللىي زۇلۇم بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە تەلتوكۇس غولىغان» ۋە «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشقان» دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر زادى شۇنداق دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ تىتاك ئاتماس كونا جۇڭگونى گۈزەل كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى تۆۋەنلەتكەنلىك بولىدۇ، جۇڭگونىڭ تارىخىنى ۋە رېئاللىقنى ئېغىر ھالدا بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ.

1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگونى ئەسلىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن يېرىم فېئوداللىق يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى. جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى، مەملىكەت ئىچىدىكى فېئودالىزىم كۈچلىرىنىڭ جاھانگىرلىك بىلەن ئۆز-ئارا تىل بىرىكتۈرۈشى ئارقىسىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇنقەرز بولۇپ يوقىلىشتەك فاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇش جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا ئىقتىدارسىز ئىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلە جەھەتتە، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، تىبەتتىن ئىبارەت 5 مىللەت ئىچىدە جۇمھۇرىيەت شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق گەپ بولۇپلا قالدى. ئۆتمۈشتىكى بىرنەچچە نۆۋەتلىك مىلىتارىست ھوكۇمەت-لىرىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قەدەر، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى ۋە ھەل قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلمىدى ۋە قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تار-مار قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىك سىياسىتى ئىجرا قىلىندى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ باراۋەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى يېڭى ئېرادۇر.

«مىللىي مەسىلە ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» سەرلەۋھىلىك ماقالىدا: «مىللىي ئازاتلىق دەۋرى، يەنى سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىن ئىلگىركى تارىخىي باسقۇچ...... بۇ دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مىللىي ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن، ھەر قايسى مىللەت-

لەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ نۇقتىنەزەر تارىخ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى توپ پىرىنسىپىغا خىلاپتۇر. قۇللۇق جەمئىيىتى، فېئوداللىزىم جەمئىيىتى ۋە كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىنىپىي جەمئىيەتتە، «مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاش» مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» مۇ مۇمكىن ئەمەس. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى» دا: «ئادەم — ئادەمنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش يوقالغاندا، مىللەت مىللەتنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىدىنلا يوقىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ — قارشىلىق يوقىلىش بىلەن مىللەتلەر ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىمۇ يوقىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېنىن «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى مۇنازىرىدىن خۇلاسە» دېگەن ئەسىرىدە: «كاپىتالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، مىللىي زۇلۇمنى (ئادەتتە سىياسىي جەھەتتىكىنى) يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپنى يوقىتىش زۆرۈر. بۇ، سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېمەكتۇر» دېگەن ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 22 — توم، 319. — بەت).

رېئال سىياسىي ھاياتتىن قارىغاندىمۇ، بۇ ماقالىدىكى دولاھىزە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا — كۆپ مىللەتلىك كاپىتالىستىك مەملىكەت. ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئانگلو ساكسونلار بولۇپ، بۇلاردىن باشقا خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان نېگىرلار، ھىندىيانلار، مېكسىكىلىقلار، پۇئېرتو - رىكولىقلار ۋە ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى خەنزۇ قاتارلىقلار بار. ئامېرىكىدىكى نېگىرلار، ھىندىيانلار مىللىي زۇلۇمنىڭ دەرت - ئەلەمىنى بولۇشىچە تارتتى. ئۇلارنىڭ قاچانلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن قارىغاندا، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاش»تىن، «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن قانداقمۇ ئېغىز ئېچىشقا بولسۇن؟ بۇ جەھەتتە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك، 2 يىلدىن بۇيان، پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى نۇرغۇنلىغان نېگىر بالىلىرىنىڭ قاچانلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، بەلكى ئېرقچىلىقنىڭ قاتىللىرى ئۇزۇن مەزگىل قانۇن جازاسىغا تارتىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرلەر كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ باقىلسىلا، مەسىلە روشەنلىشىدۇ.

## (5)

10 يىللىق پاراكەندىچىلىك مەزگىلىدە، مىللەتلەر تەتقىقاتى چەكلەنگەن بىر رايون بولۇپ قالغان ئىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى جەھەتتىكى سەپسەتىلىرى چوڭقۇر پىپەن قىلىندى. بەزى ئىلمىي ژۇرناللاردا مىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخى، مىللەتلەر نەزەرىيىسى، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر توغرىسىدىمۇ بەزى يېڭى مۇھاكىمىلەر قانات يايدۇرۇلدى. بۇ، ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىنەزەرلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا، بۇجەھەتتىكى مۇھاكىمىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق. يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن بەزى قاراشلىرىمدا ناھايىتى زور بىر تەرەپلىمىلىك بولۇشى مۇمكىن، بۇ مەسىلىنى رېئال سىياسى تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقەدەر مۇھىم مەسىلە دەپ ھېس قىلغانلىقىمدىن، يولداشلار بىلەن ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلدىم.

بۇ قىسقىغىنە ماقالەم مۇشۇ يەردە ئاياقلىشىدۇ. ئېيتماقچى بولغان بىرمۇنچە سۆزلىرىمنى تېخى ئېيتمىدىم، باشقا سۆزلەرنى بۇ يەردە ۋاقتىنچە ئېيتمايمەن. لېكىن بۇ يەردە تەكىتلەپ ئوتۇشكە تېگىشلىك بىرجۈملە سۆز تۇرۇپتۇ: تەتقىقات خىزمىتىمىزنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزىم — لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس — بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازات قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش ئاساسىدا، تارىخ تەتقىقاتىدىكى مىللى مەسىلىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى توغرى ھەل قىلىش لازىم.

1981 - يىل، 16 - ماي، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى

# چىڭگىزخان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا

مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى

ۋاڭ جىژلەي

چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا (تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ھەم ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىلىرى)نى بوي سۇندۇردى ۋە بۇ جايلارنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخانغا بۆلۈپ بەردى (چاغاتايخاننىڭ زېمىنى ئاساسەن ئەسلىدىكى غەربىي لياۋ خاندانلىقى — قىدانلارنىڭ زېمىنىدىن ئىبارەت بولدى). شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈز يىلدەك ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھەتتا مەنچىڭ خاندانلىقى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خانلىق دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان دەۋرلەردىمۇ، بۇ جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى يەنىلا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى دېيىشكەن ئىدى. خېۋ ۋىس يازغان «موڭغۇل تارىخى»دا 13 - ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى موڭغۇل تارىخىنىڭ بىر قىسمى قىلىنغان. بۇ دەۋردە بىر مۇنچە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن، كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ يەردىكى ئۆزبەك، قازاق ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن (ئاز قىسمى، مەسىلەن، ئافغانىستان ۋە ئىراندىكى ھازارلار ھازىرغىچە موڭغۇلچە ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى ساقلاپ كەلگەن، تۈركلەشمىگەن). مەيلى چاغاتايخانلىقى، تومۇرلەڭ سۇلالىسى، موغۇلىستان («مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى بەشبالىق) بولسۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدا بولسۇن، ھەممىسىدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۈزۈملىرىگە موڭغۇل تامغىسى بېسىلمىغىنى يوق. گەنسۇدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، بالقاش كۆلىدىن ھىندىقۇشقىچە بولغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا چىڭگىزخاننى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ تەسىرى بەك چوڭقۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىڭگىزخاننىڭ رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

چىڭگىزخانغا باھا بېرىشتە، تارىخ ساھەسىدە مۇندىن بۇرۇن ئوخشاش بولمىغان بىر مۇنچە پىكىرلەر بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نىسبەتەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئالىملىرىدىن بارتولد ۋە ۋلادىمىرسوۋ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ «موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەۋردىكى تۈركىستان» ۋە «چىڭگىزخان تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلىرىدە، چىڭگىزخانغا ئىجابىي باھا بەرگەن

www.uyghurkitap.com

ئىدى. لېكىن بۇ ئىككىلەن مۇشۇ سەۋەپتىن ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەنقىتكە ئۇچرىماقتا، ھەتتا «چىڭگىزخان تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپ سوغۇق سارايغا تاشلىنىپ، قايتا تارقىتىلمايدىغان بولدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا تارىخ ساھەسىدىكىلەر چىڭگىزخاننى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن گويا ۋابادىن قورققاندەك قورقۇشۇپ، ئۇنى «خۇدانىڭ قامچىسى»، ئۇ ھەر قايسى ئەللەر خەلقىنى قىرغىن قىلغان ھەم ۋەيران قىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يوقاتقان ئەكسىيەتچى ۋاھاكازا دېيىشمەكتە، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغان تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەرىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆز ئەجدادى بولغان چىڭگىزخانغا توغرى باھا بېرىش نىيىتىدە بولىۋاتقان موڭغۇل تارىخچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ نۇقتىنەزىرى سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ مۇقامىغا دوس تارتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ قانداقتۇر مۇستەقىل كۆز قاراشلىرى بولىدىغۇ، دەپ قارىشىمىز ھاجەتسىز.

دولىتىمىزدىكى تارىخ ساھەسىدىكىلەر ئەنئەنىۋى يوسۇندا چىڭگىزخاننى جۇڭگولۇق، جۇڭگونىڭ رەسمى خاندانلىغى — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى، بىر مىللى قەھرىمان دەپ قاراپ كەلمەكتە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دولىتىمىزنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدىمۇ چىڭگىزخان ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ، چىڭگىزخانغا ئىجابى باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغانلىغى توغرىسىدىكى مەسىلىدە يەنىلا ئوخشاش بولمىغان بەزى كۆز قاراشلار مەۋجۇت.

خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھوكۇمرانلىغى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن، شۇڭلاشقا، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغانلىغىغا بىر قىسىم تارىخقا قانداق باھا بېرىلىشىگە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن دىققەت ئېتىبارى بىلەن قارايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. بۇ ماقالىدە كوپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كورۇشى ئۈچۈن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. چىڭگىزخانغا ئەتراپلىق باھابېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەر قايسى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە كەڭ مۇلاھىزىلىرى بار، بۇ ماقالىدا سوزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى رولىغا باھا بېرىشتە، يەنىلا ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ھوكۇمرانى ئىكەنلىگىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم. مۇشۇ نۇقتا مۇئەييەنلەشسە، ئۇ چاغدا بىز چىڭگىزخاننى ھونلار تەڭرىقۇتى، تۈركلەر قاغانى، خەن، تاڭ، ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىلىرى پادىشالىرىنىڭ ئۇلۇق ۋارىسى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىنجاڭ رايونى خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ داۋاملىق جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەن، ماۋارائۇننەھر رايونى (ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرى) مۇ تارىختا بىر نەچچە قېتىم جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگەن، ۋ جەھەتتە،

يەنى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىنى ئېچىشتا، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كوچمەن چارۋىچى مەدەنىيەتلەر كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، تارىختىن بۇيان موڭغۇل يايلىقىدىكى ئورخۇن ۋادىسىنى سىياسى مەركەز قىلغان جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئادەتتە ھامان شەرق، غەرپ دەپ ئىككى قىسىمغا (يەنى، ئوڭ ۋە سول قاناتقا) بۆلۈنۈپ كەلگەن. غەربىي قىسىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە يېتىپ بارغان. مەسىلەن، غەربىي ھونلاردىن باشقان غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىك (دۆلەت) كە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئىلى دەرياسىدىن ئىسسىق كۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاۋاتقان ئۇيسۇنلار بىلەن سىر دەريا ۋادىسىدىكى قاڭقىللارمۇ ھونلارغا بويسۇناتتى. ھونلاردىن كېيىن شىمالىي موڭغۇل چۆلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سايبىلارمۇ شەرق - غەرپ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. تەن شىخۇەي ۋاقتىدا «شەرق ۋە غەرپ قىسىملارنىڭ باشلىقلىرى شۇنىڭغا قارايتتى». ئۇلار غەرپتە ئۇيسۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، ھونلارنىڭ يۇرتىنى ئىگەللىۋالغان». 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش كۆتەرگەن تۈركلەر مىلادىنىڭ 563 - يىلىدىن 568 - يىلىغىچە ئېفتالىتلارنى يېڭىپ، ئىرانلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈپ ئالغان، ئامۇ دەرياسى چېگرا قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارائۇننەھر رايونى بارا - بارا پۈتۈنلەي تۈركلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. تۈركلەر ھونلارغا ئوخشاش شەرق - غەرپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، موڭغۇل يايلىقىدىن ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغىچە بولغان كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى غەربىي تۈركلەر تەۋەلىكىدە بولغان. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان كىدانلارنىڭ تەسىرى كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ بارغان. ھازىرقى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت ئورگىنى تەسىس قىلىپ بىر تۇتاش ئىدارە قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ھەتتا كىدانلارنى جۇڭگو دەپ ئاتىغان. كېيىن كىدان دېگەن سۆز ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئارقىلىق روسىيە ۋە غەربىي ياۋروپاغىچە تارالغان. لياۋ دەۋرىدە يەللۈ تەيشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈز تىرەپ تۇرالماي تەبىي ھالدا غەرپكە قاراپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە غەربىي لياۋ خاندانلىقىنى قۇرۇپ يۈز يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى جەنۇپتا ئامۇ دەرياسىغا، غەرپتە كاسپى دېڭىزىغىچە يەتكەن، خارەزىممۇ ئۇنىڭغا تەۋە بولغان. ھەر قايسى موڭغۇل قەبىلىلىرى بولسا، 11 - ئەسىردىلا خۇلۇنبۇير كۆلىدىن ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي تارىمىغىچە بولغان كەڭ رايونغا تارىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ بارغان ئىدى. كېيىن ئۇلار تەبىي رەۋىشتە ئۆز تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتتى ۋە شەرق - غەرپ موڭغۇللىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قەدىمقى چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ گۈللىنىش - ئاجىزلىشىش جەريانىدىن بىز شۇنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىزكى، چىڭگىزخان يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلىلەر باشلىقلىرىنىڭ ۋارىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەكسىزكى، خەن، تاڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭمۇ ۋارىسى. غەربىي خەن دەۋرىدىلا، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى، فەرغانە، پامىر ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى بەزى كىچىك دۆلەتلەر (مەسىلەن، تۇغاي، ئەركەشتام) جۇڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ونىڭغەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ۈگۈنكى شىنجاڭ رايونلا ئەمەس، بەلكى ئەسلى غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان ئامۇ دەرياسى ە سىر دەرياسى ۋادىلىرىمۇ جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن، چىڭگىزخان ئوتتۇرا اسىيانى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ يەر بىلەن موڭغۇل ياپلىقىنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ جۇڭگونى يەنە بىر ۋەت بىرلىككە كەلتۈرگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، خەن، تاڭ پادىشالىرى لىڭ ۋارىسى ئەمەسمىكەن؟

ئىككىنچىدىن، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان مۇشۇ بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ ئو- دىنى مۇھاكىمە قىلىپ كورەيلى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگو بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش ولى — «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، جۇڭگونىڭ شىمالىي ياپلىقى بولسۇن، جۇڭگونىڭ ىچكى رايونلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن قويۇق سودا مۇناسىۋىتى ولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇسۇلمان سودىگەرلەر، جۈملىدىن تاجىكلار (قەدىمقى سوغدىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى)، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ھەتتا غەربىي ئاسىيانىڭ ەر قايسى جايلىرىدىكى ئەرەپلەر ۋە پارسلار جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ۋە شىمالىي ياپلاق رايون لىرىغا ھەر خىل ماللارنى ئېلىپ كېلىپ سودا - سېتىق قىلىشتا، شەرقىي ۋە غەربىي رايونلارنىڭ ەر قايسى جايلىرىغا كېلىپ - كېتىش بىلەن ياپلاقتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى «ئورانغۇشلار»نىمۇ بۇ خەلقارا سودىغا جەلب قىلغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان سودىگەر ھەسەننىڭ ئېرغۇنان دەرياسىنى بويلاپ بىر مىڭ تۇياق ئىردىك قوي ۋە بىر تۇياق ئاق تۆگە ھەيدەپ كېلىپ، بولغۇن، سوسەرگە ئالماشتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، سېلىڭگې دەرياسى ئەتراپىدا ياشىغۇچى مىركىتلارنىڭ يەيدىغان ئۇنلىرى جۇڭگونىڭ يىراق ئىچكى رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن. «دۇنيا ئىستىلاچىسى تارىخى»نىڭ ئاپتورى جۇۋەينى ئوتتۇرا ئاسىيادىن موڭغۇل ياپلىقىغا بارىدىغان سودا يولىنىڭ ئاۋاتلىقىنى بايان قىلغان، ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇللار دىخانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق، رەخ، تاۋار - دۇردۇن، ھەر خىل قول سانائەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا ئىستىمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل تېپچىلىق ئاساسىدىكى سودا - سېتىق پائالىيىتىگە بەكمۇ مۇھتاج ئىدى. مۇسۇلمان سودىگەرلەرمۇ ياپلاقتىكى موڭغۇل ھوكۈمرانلىرى بىلەن خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن، ھەتتا موڭغۇل ھوكۈمرانلىرى ئۆزلىرىمۇ بۇ خىل سودىغا سەرمايە قوشۇپ پايدا ئالغان.

ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ ھوكۈمرانى خارەزىم شاھى مەھەممەت ئىدى. مەھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى — ھەر قايسى دەۋردىكى خارەزىم شاھلىرى غەربىي لياۋ خاندانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ھەر يىلى گورخانغا مەلۇم مىقداردا سېلىق تۆلىگەن. خارەزىم شاھىنىڭ غەربىي لياۋدىن يۈز ئورۇشى پەقەت غەربىي لياۋ زەئىپلەشكەندىن كېيىنكى ئەھۋال بولۇپ، ئاندىن ماۋارائۇننەھردىن ئىبارەت بۇ غەربىي لياۋغا تەۋە زېمىننى ئىشغال قىلىۋالغان، مەھەممەت تازا قارانىيەت بولۇپ، ئۇ خەلىپە بولۇپ پۈتۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ داھىسى بولۇش خىيالىدا

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش خام خىيالىدىمۇ بولغان. چىڭگىزخان شىمالىي جۇڭگونى بېسىۋالغاندا، مەھەممەت موڭغۇللاردىن بۇرۇن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلانغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولغان.

مىلادىنىڭ 1215 - يىلى، مەھەممەت چىڭگىزخاننىڭ جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن بايلىق ئولجا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، موڭغۇللارنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى بىلىشكە باھاۋۇددۇن رازى دېگەن بىر ئادەمنىڭ باشچىلىقىدا چىڭگىزخانغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتىۋالغان، ھەمدە بۇ ئەلچىلەرگە قايتىپ بارغاندا ئۆزىنىڭ خارەزىم شاھى مەھەممەتنى غەربنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، ئۆزى بولسا شەرقنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى تاپىلىغان، شۇنىڭدەك تېچلىق - دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈپ، سودىگەرلەرنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىخەتەر يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەن. بىز بۇ پاكىتتىن مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن: (1) چىڭگىزخان ئەسلىدە خارەزىم شاھ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىش خىيالىدا بولغان ئەمەس؛ (2) شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەت ئۈچۈن پايدىلىق خەلقارا شارائىت يارىتىپ بېرىشكە كۆڭۈل بولگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بارتولد مۇنداق دېگەن: "(چىڭگىزخاننىڭ) بۇ سۆزلىرىنىڭ راست - سەممىي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساس يوق، ئۇ چاغدا، چىڭگىزخاننىڭ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئويىدا بولغانلىقى ناتايىن." («موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەۋردىكى تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 394 - بەت). ۋىلادىمىرسوۋمۇ مۇنداق دېگەن: "موڭغۇل پادىشاسى شەرقتىكى مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمان دۆلىتى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتەك مۇشۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىگە ناھايىتى خوشال ئىدى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ناھايىتى ئاز مەھسۇلاتقىلا ئىگە موڭغۇل چارۋىچىلىرىغا ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق تاۋارلار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغان يېڭى مەنبەنى تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرەتتى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا دوستلىرى — مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئارقىلىق خارەزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشەنگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن دائىملىق سودا - تىجارەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش قانداق پايدا - مەنپەئەتلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن." («چىڭگىزخان تەزكىرىسى» ئىنگلىزچە نەشرى 115 - 116 - بەتلەرگە قاراڭ) يۇقۇرقى ئىككى نۇقتىنى بۇ ئىككى ئالىم ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

چىڭگىزخانمۇ خارەزىم شاھىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە جاۋابەن ماۋارائۇننەھرگە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، بۇ ئۆمەك تەخمىنەن مىلادى 1218 - يىلى بۇخاراغا يېتىپ بارغان. بۇ ئۆمەك ئۈچ كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ، ئەسلى خارەزىمنىڭ پۇقرالىرى ئىدى. بۇلارنىڭ بىرسى خارەزىملىك مەھەممەت، بىرسى بۇخارالىق ئەلى خوجا، يەنە بىرسى ئوترارلىق يۈسۈپ ئىدى. ئۇلار ھەر خىل سوغىلارنى ئېلىپ بېرىپ خارەزىم شاھى مەھەممەتكە تەقدىم قىلغان ھەمدە چىڭگىزخاننىڭ ئاغزاكى پىكرىنى يەتكۈزگەن (بۇنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باھاۋۇددۇن رازىنىڭ يەتكۈزمىسىگە ئوخشاش). چىڭگىزخان يەنە ئۆز ئوغۇللىرى

www.uyghurkitap.com

ۋە نوياتلىرىغا 20 - 30 دىن ئادەم بەلگىلەپ، ئالتۇن - تىللا، مال - پال ئېلىپ، خارەزىم سودىگەرلىرى بىلەن بىللە ماۋارائۇننەھرىگە بېرىپ سودا قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. نەتىجىدە، 450 كىشىلىك بىر سودا كارۋىنى تەشكىللىگەن، بۇنىڭ ئەزالىرى ھەممىسى مۇسۇلمانلاردىن تەركىپ تاپقان. چىڭگىزخان مەممەت شاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سودا كارۋىنىغا تاپشۇرغان ئاغزاكى پىكرىدە مۇنداق دېگەن: «دۆلىتىڭىزنىڭ سودىگەرلىرى بىز تەرەپكە كەلگەن ئىكەن، بۇلار قايتتى مەن ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلارسىز، بىزمۇ بىر تۈركۈم سودىگەرنى ئۇلارغا ھەمرا قىلىپ، شۇ يەرنىڭ قىممەتلىك - ئېسىل ماللىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دۆلىتىڭىزگە ئەۋەتتۇق. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىش بىلەن بىز ئۈچۈن زىيانلىق بولغان يىرىڭ قىزىمىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىشىمىز مۇمكىن، ئىسيان پەيدا قىلىدىغان يىرىڭنى چىقىرىۋېتەيلى». («دۇنيا ئىستىلاچىسى تارىخى»، 79 - بەتكە قارالسۇن). بىز پاكىت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا، چىڭگىزخاندا ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ھەققەتەن دوستانە نىيەت ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان سەمىمىي ئارزۇ بولغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا قىلغان ئۇرۇشىنى پۈتۈنلەي خارەزىم شاھى مەھەممەتنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

موڭغۇللار ئەۋەتكەن بۇ سودا كارۋىنى ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىر ۋاقىتتا موڭغۇلىيەدىن يولغا چىققان. ئەلچىلەر ئۆمىكى ئوترادىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سودا كارۋىنىمۇ مەھەممەتنىڭ بۇ چېگرا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ ۋاقتى مىلادى 1218 - يىلى ئىدى. 450 كىشىلىك بۇ كارۋانغا رەھبەرلىك قىلغۇچى تۆت سودىگەر: ئوترارلىق ئۆمەر خوجا، ماراغىلىق ھاممال، بۇخارالىق پەخرىدىن ۋە ھاراۋلاق ئەمىنىددىنلار ئىدى. ئۇلار تەخمىنەن 500 تۆگىگە ئالتۇن، كۈمۈش، جۇڭگونىڭ يىپەك، تاۋار - دۇردۇنلىرى، قاما، سۇسەر قاتارلىق ھەر خىل ماللارنى ئارتىپ ماڭغان. بۇ چاغدا مەھەممەتنىڭ ئوترادا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى ئىنالچ ئىدى. ئۇ مەھەممەتنىڭ ئانىسى تۈركان خاتۇننىڭ تۇققىنى (ھەر ھالدا بىر قەبىلە ئادىمى، ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) : راۋىيلار غايىرخان دېگەن نام بېرىلگەن. ئىنالچىنىڭ بۇ سودا ئۆمىكى ئاپارغان پۇل - مالغا كۆزى چۈشۈپ شۆلگەيلىرى ئاققان, سودا ئۆمىكىدىكى بىر ھىندى سودىگەرنى بۇ مېنىڭ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلدى دېگەننى بانا قىلىپ، سودا ئۆمىكىدىكى بارلىق ئادەملەرنى قولغا ئالغان. ئاندىن كېيىن، كىشى ئەۋەتىپ شۇ چاغدا ئىراقتا زىيارەتتە بولۇۋاتقان خارەزىم شاھى مەھەممەتكە مەلۇم قىلغان، مەھەممەت ئىنالچىنىڭ بۇ 450 ئادەمنى ئۆلتۈرۈشىنى ۋە ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىشىنى تەستىقلىغان («دۇنيا ئىستىلاچىسى تارىخى»، 367 - بەت)، ماللارنى بۇخارا ۋە سەمەرقەند سودىگەرلىرىگە سېتىپ بەرگەن، مال ساتقان پۇلغا مەھەممەت ئىگە بولغان. شەكسىزكى، بۇنى مەھەممەت بىلەن ئىنالچ ئىككىسى ئۈلەشكەن. كېيىن، بۇخارا سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا مەھەممەت ساتقان ماللار راسلا كۆزگە چېلىققان («موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەۋردىكى تۈركىستان»، 398 -، 399 - بەتلەر).

بۇ سودا كارۋىنىنىڭ بىر ئەزاسى ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ، موڭغۇلىيەگە بېرىپ، چىڭگىز-

خانغا پىرىتىشىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. چىڭگىزخاننىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنكى كەيپىياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشلىك، ئەينى ۋاقىتتا گەرچە ھازىرقىدەك زامانىۋى مەنىدىكى خەلقارا قانۇن ئىدىيىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئادەتتىكى دۆلەت مۇناسى-ۋىتى مىزانىدىن قارىغان تەقدىردىمۇ، خارەزىم شاھىنىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا يول قويۇشقا بولمايتتى. مۇشۇنداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىڭگىزخان يەنىلا سەۋرچانلىق بىلدۈر-گەن. ئۇ غەزەپ - ئاچچىقىغا چىداپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ مەسىلىنى دىپلوماتىيە ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇ يەنە بۇرۇن خارەزىم شاھى تاغاچىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن مۇسۇلمان بەھرانى موڭغۇللاردىن ئىككى كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا، مەھەممەتنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەم ئۇنىڭدىن ئىنالچىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مەھەممەت چىڭگىز-خاننىڭ ئېتىراز ۋە تەلىۋىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بەھرانىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئىككى موڭغۇلنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ھەيدەپ سالغان (دوسان يازغان: «موڭغۇل تارىخى» 1 - قىسىم، 94 - بەت). شۇنىڭ بىلەن، چىڭگىزخان ئامالسىز ئۆزى بىۋاستە زور قوشۇننى باشلاپ خارەزىم شاھىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

يېقىنقى پاكىت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بارتولد ۋە ۋىلادىمىرسوۋ ئىككىيلەننىڭ: خارەزىم شاھىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغان، دېگەن كۆز قارىشى بىر قەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلىم ساھەسىدە بۇ خىل كۆز قاراش پىچەن قىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تاجاۋۇزلۇق - قانخورلۇق چىڭگىزخان ۋە موڭغۇللارنىڭ ئەزەل-دىن ئۆزىگە خاس بولغان تەبىئىتىمىدى؟ خارەزىم شاھى مەھەممەتتەك مۇنداق بىر رەقىبكە دۇچ كەلگەندە، قەدىمدىن، ھازىرغىچە ھەر قانداق بىر غورۇرلۇق پادىشاھنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەكس تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت كۈچلۈك - ئاجىزلىق جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتلەر يۈز بەرگەن، خالاس.

چىڭگىزخان ماۋارائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، نايمانلار قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغان، نايمانلار خانى كۈچلۈك غەربىي لياۋغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن گورخان، چۈرۈك-لارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان. موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىمۇ كۈچلۈكخاننى يوقىتىش ۋە غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ بېقىنغانلىقى ۋە شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۈچلۈك خانغا قىلىنغان جازا يۈرۈشىنى ھىمايە قىلغانلى-قى تۈپەيلىدىن، چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى تيەنشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا چوڭ قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشغال قىلىپ، ماۋا-رائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلىشتا بىر ياخشى بازىغا ئېرىشكەن. خارەزىم شاھى مەھەممەت ئەسلى-غەربىي لياۋدىن يۈز ئۆرۈگەن خان ئىدى، ئۇنىڭ زېمىنى ئەسلىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقى-مىدىكى دېلتا بولۇپ، ئۇنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىنى ئىگىلىۋېلىشى تاجاۋۇزلۇق - كېڭەيمىچىلىك-نىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇڭلاشقا خەلق ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغان، لەشكەر باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەمكار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىمىغان. چىڭگىزخاننىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىغا يۈرۈش قىلىشى مەھەممەتنى جازالاش ئۈچۈن
لغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەربىي لياۋ ئۈچۈن ئىسيانى جىمىقتۇرۇپ، غەربىي
اۋنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئىبارەت بولغان. مۇشۇ كېيىنكى ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا،
ىڭگىزخاننى تاجاۋۇزچى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن چىڭگىزخاننى غەربىي لياۋ پا-
شاسىنىڭ ۋارىسى دەيمەن.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ پەقەت خارەزىم شاھى مەھەممەتنىڭ ھاكىمىيىتى-
، يوقىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، ئۇ مۇشۇ مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىنلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ دولىتىگە قايتقان،
نە باشقا دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلمىغان. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى تولۇيخاننىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم
لىشى ۋە ئۇنىڭ ئوزىنىڭ ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىشىمۇ پەقەت مەھەممەت ۋە
نىڭ ئوغلى جالالىدىنغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈنلا بولغان. موڭغۇللارنىڭ روسىيىگە ۋە ياۋ-
پاغا ھۇجۇم قىلىشى، ئىراننى بويسۇندۇرۇشى بولسا، چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە بولغان.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى غەربىي لياۋنىڭ ماۋارائۇن-
ھر رايونى قايتۇرۇپ ئېلىنىپ، جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ
مىنى چاغاتايخانغا بۆلۈپ بېرىلگەن. موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بەلگىلەپ ئەۋەتكەن
ەنە بىر ئەمەلدارى يالۋاچ بۇنى بىۋاستە ئىدارە قىلىپ، ئۇنىڭدىن باج - خىراج
لغان. غەربىي لياۋ بىلەن يۈەن سۇلالىسى، ئوخشاشلا جۇڭگو خاندانلىقى بولغانكەن، چىڭگىزخان-
ڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە جۇڭگو تارىخىدا دولەت زېمىنىنى قايتۇرۇپ
لىش يولىدا قىلىنغان ھەركەت دەپ قارىلىشى كېرەك.

ماۋارائۇننەھر رايونىدا موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلەنگەنلىكى توغرىسىدا، مەيلى شۇ چاغدا
لسۇن ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن، ھېچكىم باشقىچە پىكىر بىلدۈرگەن ئەمەس. موڭغۇللارنىڭ
ۋارائۇننەھرگە بولغان ھوكۈمرانلىقىمۇ ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا قىلغان ھوكۈمران-
ىغا ئوخشاش بولۇپ، زالىملىقتا شەك يوق، شۇنداق بولسىمۇ خارەزىم شاھىنىڭ ھوكۈمرانلىقىدىن
ەتتەر ئەمەس ئىدى. مۇنداق بىر مىسال بار، راۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇخاراغا يېقىن جايدىكى
ور (بۇگۇنكى كۇندىكى نۇر ئاتا) موڭغۇللارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان يەرلىك
دەملەردىن: «خارەزىم شاھى سىلەردىن قانچىلىك مىقداردا باج ئالاتتى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار
150 دىنار — دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخانمۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلاردىن
ەقەت 1500 دىنار نەق پۇل ئېلىپ، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئالمىغانكەن.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى جەريانىدا، تەبىئىكى، بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق
ولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. كېيىنكى يەتتە-سەككىز ۋادىسى
مۇقىمسادىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەپ چارۋىچىلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوزگەرتىپ
ايلاق قىلىشى، شەھەر ۋە يېزا ئاھالىسىنىڭ سىرتقا كوچۇپ كېتىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ خارابلىشى-
ىدىن بولغان، پەقەت ئۇرۇش سەۋەبىدىنلا بولغان ئەمەس. شۇڭا ئىبىن ئېلى
اشىر ۋە جۇۋەينى مۇنۇ بىر پاكىتنى بىردەك ئىسپاتلىغان، يەنى موڭغۇل ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقى

ئۈچۈن ماۋارائۇننەھر شەھەرلىرى خۇراسان ۋە ئىراق شەھەرلىرىگە قارىغاندا ۋەيرانە ھالەتتىن تېخىمۇ تېز ئەسلىگە كەلگەن.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى خۇددى بىر تومۇرسىيېرگىگە ئوخشاش، شىمالىي جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان يەرلىك بولۇنمە كۆچلەرنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىغان. بارلىق چازا-توساقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى راۋانلاشقان. بۇ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ۋە سودا-تىجارەت ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولغان، ئەۋلىيا چۇ چيۇجىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىشتىكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن يول ئۈستى ئاساسەن بىخەتەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغانلار ناھايىتى كوپ بولۇپ، چۇچيۇجى قاتارلىق ئاز سانلىق كىشلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كەلگەن رەڭدار كوزلۇكلەرمۇ ① ناھايىتى كوپ بولغان. چىڭگىزخان بۇلارنى ئەمەلدار قىلىپ ئىشلەتكەن، يالۋاچ ئاتا-بالا ئىككىسى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. موڭغۇل دولىتى ئىچىدە رەڭدار كوزلۇكلەر موڭغۇللاردىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا، خەنزۇلار ۋە جەنۇبىي سۇڭ كوچمەنلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. رەڭدار كوزلۇكلەردىن كوپلىگەن كىشلەر موڭغۇل ئوردىلىرىدا ئەمەلدار، ياكى مەمۇرى ۋەزىر، ياكى ھەربىي قوماندان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كېلىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئىگەللەپ، ئاتاغلىق ئەربابلاردىن بولغان. ئۇلار جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» دىگەن كىتاۋىدا بۇ مەسىلە تەپسىلى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە كوپ سوزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن جۇڭگونىڭ مىلتىق دورىسى ياساش، قول ھۈنەر سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى، موڭغۇللارنىڭ ياساسى، ئاتلىق ئەسكەر تاكتىكىسى، ئوتەك-بېكەت تۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربكە تارىلىپ، ئۇزۇنغىچە تەسىر كورسەتكەن. كېيىن، تومۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، مەدەنىيىتى ئاساسىي جەھەتتە موڭغۇل تۈزۈمى، ۋە پارس مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ، موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە چوڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولىنى يەنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چىڭگىزخانغا باھا بېرىش مەسىلىسىدە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغانلىقى سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق دەپ ئەيىپلەنگەندىن تاشقىرى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان زور كولەملىك قىرغىنچىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىمۇ چىڭگىزخان ئەيىپلىنىشكە

① رەڭدار كوزلۇكلەر — يۈەن سۇلالىسى ھوكۇمدارلىرى غەربىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى شۇنداق ئاتايتتى. — تەھرىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە پىپەن قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقان ئاساسىي مەسىلە. چىڭگىزخاننى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقانلىقىمۇ ئاساسەن مۇشۇ مەسىلىدە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، بارتولد ئېيتقان مۇنداق بىر ئابزاس سۆز ئېسىمگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: سىز ھازىر موڭغۇلىيىگە بېرىپ، ئادەتتىكى موڭغۇل چارۋىچىلىرى بىلەن ئۇچراشسىڭىز ئۇلارنىڭ يېقىشلىق – مۇلايىم، تىرىشچان – مېھماندوست ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل موڭغۇل چارۋىچىلىرى 13 – ئەسىردە قانداقمۇ شۇنچە ياۋۇز – قانخور بولۇپ قالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى چۈشۈنىشىڭىز تەس بولىدۇ. دەر ھەقىقەت، بارتولد ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشى مۇمكىن. ئۇ بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بەرگەنكى، بۇ ئىزاھنى موڭغۇللارنىڭ تەبىئىتىدىن ئىزدەشكە بولمايدۇ، بەلكى بۇ ئىزاھنى چىڭگىزخاننىڭ سىنىپىي خۇسۇسىيىتىدىن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىزدەش كېرەك. چىڭگىزخان فېودال ھۆكۈمرانلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەتتىكى فېودال ھۆكۈمرانلارغا ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەشۇنداق بىر تارىخىي دەۋردە، ئەشۇنداق خەلقارا مۇناسىۋەتكە دۇچ كەلگەن فېودال خانلارنىڭ ھەر قاندىقى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان بولاتتى. مەسىلەن، كېيىنكى ۋاقىتتىكى تۆمۈرنى ئالساق، ئۇ، زالىملىق قانخورلۇق جەھەتتە چىڭگىزخاندىن زادى قېلىشتىمۇ؟

دەرۋەقە، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزگەن ئىنتايىن زور بالايى – ئاپەتلىرىدىن كۆز يۇمۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇمۇ پىپەن قىلىشقا تېگىشلىك، لېكىن بۇ تەرەپلەردىكى پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلىش ۋە پىپەن قىلىش – بۇ بىر خىل پوزىتسىيە. ئەمما بۇ تەرەپلىرىنى ئالاھىدە قەستەن مۇبالىغە قىلىپ، ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، ئۇنى «سېرىق ئاپەت نەزەرىيىسى»نى تەشۋىق قىلىشنىڭ بىر خىل ماتېرىيالى قىلىۋېلىش — بۇ ئىككىنچى بىر خىل پوزىتسىيە. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ تارىخچىلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان كېيىنكى بىر خىل پوزىتسىيىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تارىخ ساھەسىدىكىلەر نىمە ئۈچۈن چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتىكى بۇزغۇنچىلىقىنى كۆچەپ مۇبالىغە قىلىدۇ، تۆمۈرنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىپ ھەر قايسى ئەللەر خەلقىگە قىلغان زور قىرغىنچىلىقىنى ئانچە مۇبالىغە قىلمايدۇ، چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ 17 – ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خانلىق دۆلىتىنى بېسىۋالغاندا ئۆزبەكلەر ۋە تۈركمەنلەرگە قىلغان زور قىرغىنچىلىقىنى ھەتتا تىلغىمۇ ئالمايدۇ، تېخى ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان چوڭ قىرغىنچىلىقىنى كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاۋىغا ياردەم قىلىۋاتىمىز دېيىدۇ! بۇنىڭ ئىزاھى بىرلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى تەكىتلىشى ۋە «سېرىق ئاپەت نەزەرىيىسى»نى تەشۋىق قىلىشى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈندۇر. بىراق نۆۋەتتىكى رېياللىق شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرى خەلقىگە بولۇۋاتقان تەھدىت قانداقتۇ «سېرىق ئاپەت» ئەمەس، بەلكى سوۋېت سوتسىيال

جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىدۇر.

چىڭگىزخان كۈچەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ بىر باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوللۇكتە باش كۆتىرىپ چىقىپ، بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە موڭغۇل يايلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە جەنۇپقا قاراپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەرپتە ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈپ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقى يەرلەرنى ئالغان داڭقى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىدا. ئاخىرى، ئۆچمەس سەھىپە بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شەخسكە زادى تەھلىللىك ئاساستا مۇئامىلە قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى سوۋېت ئىنتىپاقى زومىگەرلىگىنىڭ يالانما ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۇنى قارىسىغىلا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش كېرەكمۇ؟ شەكسىزكى، بۇ ھەر بىر تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئالدىدىكى بىر جىددى مەسىلە. شۇنىڭدەك بۇ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن كۆڭۈل بولىدىغان، تارىخ بىلەنمۇ، رىياللىق بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويىلغان بەزى كۆز قاراشلىرىمنىڭ توغرى بولۇشى ناتايىن، تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇھەقتە تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى، مۇھاكىمە قىلىشىنى ھەمدە بىر ئادىل يەكۈن چىقىرىشىنى ئۈمىت قىلىپ، بۇنى جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم.

روزى تۇردى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭنىڭ جۇغلانما قۇرۇلمىسى ۋە جۇغلانما ئۈنۈمى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

جۇ جىڭچۈن

جۇغلانما قۇرۇلمىسى جۇغلانما ئامىللىرىنىڭ جۇغلانمىدىكى سالمىقى، ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئارا ماسىۋىتى بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. ئۆتمۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغلانما نىسبىتى تۆۋەن بولمىسىمۇ، لېكىن جۇغلانما ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى. بۇنىڭ ھەم سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى جۇغلانما قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا. بىز دىققەت - ئېتىۋارىمىزنى ئۇزۇن مەزگىل جۇغلانما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىپ، يۇقىرى جۇغلانما بىلەن يۇقىرى سۈرئەتكە يەتمەكچى بولدۇق. ئەمەلىيەت جۇغلانما ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىپ رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئىمكانىيىتىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندە، بۇ، يۇقىرى سۈرئەت كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى، ئىقتىسادىي نىسبەتتىكى ماۋاپىقسىزلىقنى پەيدا قىلىپ، جۇغلانما ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلماقتا. جۇغلانما نىسبىتى تۆۋەنلىگەن ئەھۋال ئاستىدا، جۇغلانما مەبلەغنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش، تەڭشەش ئارقىلىق مۇۋاپىق جۇغلانما قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئەڭ ئاز بىلەن ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ۋە ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆر[illegible]

جۇغلانما قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ مەسىلە، جۇغلانما ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارمۇ تەرەپلىمە بولىدۇ. بۇ ماقالىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىيىتىدە يولۇقتۇرغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، جۇغلانما قۇرۇلمىسى بىلەن جۇغلانما ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى (جۇغلانما قۇرۇلمىسى مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە قىلمايمىز) تۆۋەندىكى 6 جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلماقچىمىز:

## 1. تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى بىلەن كۆچمە مۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەش مۇۋاپىق جۇغلانما قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى

جۇغلانما — جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىلگىرىلەش فۇنكىتسىيىسى، شۇنداقلا كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى. كاپىتالىستىك جۇغلانما — قوشۇمچە قىممەتنىڭ كاپىتاللىشىشى؛

سوتسىيالىستىك جۇغلانما بولسا، ئەمگەكچىلەر ياراتقان مىللىي دارامەتنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا، ماددى مەبلەغ زاپىسىنى تىكلەشكە ۋە غەيرى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قىسمىدۇر. جۇغلانما ئۆز قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا بويىچە، تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى ۋە كۆچمە مۈلۈك جۇغلانمىسى (جۈملىدىن ماددى ئەشيا زاپىسى)غا بۆلۈنىدۇ. تۇراقلىق مۈلۈك ھەرخىل ماشىنا، ئۈسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئەمگەك ۋاستىسىدۇر. ماركس: "ھەر خىل ئىقتىسادىي دەۋرلەرنىڭ پەرقى قانداق نەرسە ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمەس، بەلكى قانداق ئىشلەپچىقىرىشتا، قانداق ئەمگەك ۋاستىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتا!". ئەمگەك ۋاستىلىرى ئىچىدە، ماشىنىلىق ئەمگەك ۋاستىلىرى "بىر ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ" دېگەن («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 23 - توم، 204 - بەت). كارخانىنىڭ خاراكتېرى، كۆلىمى ۋە مەھسۇلات يۆنىلىشى ئاساسەن ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆلىمىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئۇرچۇق سانى بىلەن ئايرىلىدۇ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى دىنامو گورۇپپىسى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممەت ئىپادىسى تۇراقلىق مەبلەغ بولىدۇ. كۆچمە مۈلۈك خام ئەشيا ماتېرىيال، يېقىلغۇ، قوشۇمچە ماتېرىيال ۋە ھەر خىل ئىستېمال ۋاستىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەمگەك ئوبيېكتى ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى بولىدۇ. كۆچمە مۈلۈكنىڭ قىممەت ئىپادىسى كۆچمە مەبلەغ بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىش جەريانىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئەمگەك ئوبيېكتى ئارىسىدا زىچ باغلىنىش ۋە بىر - بىرىنى چەكلەش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئىككىسى مۇئەييەن نىسبەتنى ساقلىغاندىلا ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ تېخنىكا خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن: 1) ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ جۇغلانما قۇرۇلمىسى بىلەن كۆلىمى بەلگىلەنگەندە، ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ جۇغلانما قۇرۇلمىسى ۋە كۆلىمىنى بىر ۋاقىتتا ھېساپقا ئېلىش زۆرۈر ھەمدە ئىككىسىنى قىممەت جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىستېمال قىممىتى جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتكەندە، ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش پېچ ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىنى ھېساپقا ئېلىپلا قالماي، بەلكى تۆمۈر تاۋلاش پېچلىرى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، تۆمۈر رودىسى، كوكۇس، ھاك تېشى قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسى ۋە كاپالەت دەرىجىسىنىمۇ ھېساپقا ئېلىش كېرەك، مۇبادا بۇ ئىككىسى ماسلاشتۇرۇلمايدىكەن، تۆمۈر تاۋلاش پېچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ؛ 2) ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ (تەبىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدىن باشقا) ھەممىسى ئەمگەك جەريانىنىڭ مەھسۇلى. شۇ يىللاردىكى ئىستېمالنى تەمىنلەشكە بولىدىغان ئەمگەك ئوبيېكتى ئالدىنقى

ەگەل ۋە شۇ يىللاردىكى يېڭى كوپەيگەن ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ، ا ئىگىلىك ئەمگەك ئوبيېكتى تېرىلغۇ يەر قاتارلىق ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ چەكلىمىسىگە تېخىمۇ دەرىجىدە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن، ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ جۇغلانمىسىنى بەلگىلىگەندە، جۇمە ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ قۇرۇلمىسى... ن ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، داق بولمىغاندا، جۇغلانمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ؛ 3) ئەمگەك ئوبيېكتى ئەمگەك تىسىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئوتۇپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئىستىمال تىلىرىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىستىمالىغا ھەم تۇرمۇش ئىستىمالىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، گەك ئوبيېكتىنىڭ جۇغلانمىسى مەھسۇلات تۇرى، ئولچىمى، سۇ... ...ى جەھەتلەردە ئەمگەك نىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى لازىم، ئەگەر سۇپىتى تۆۋەن، باھاسى يۇقۇرى بولسا، ، ئېھتىياجىغا لايىق بولمىسا، ياكى تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتسە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك بيېكتىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، تۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسىنىڭ ئۇنۇمىنى ؛ەنلىتىۋېتىدۇ؛ 4) ئەمگەك ئوبيېكتى بىلەن ئەمگەك ۋاستىسىنىڭ نىسبىتى ئۆزگەرمەس بولۇۋەر- دۇ. مۇلۇك قۇرۇلمىسى، تەشكىلىي قۇرۇلما، تېخنىكا قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ غىسۇسلىشىشى ۋە يېڭى تېخنىكىنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قورالى بىلەن يېڭى نىكى ماتېرىياللارنىڭ كېڭەيتىلىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى نىسبەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەشكە توغرى كېلىدۇ.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بەكمۇ ئارقىدا ئىدى، ھازىرقى زامان سانائىتى ەن ھازىرقى زامان قاتناش - ترانسپورتى ئاساسەن يوق ئىدى، يېزا ئىگىلىكىمۇ قالاق تېخنىكا سىغا قۇرۇلغان، ئۆز - ئۆزىنى قامدايدىغان ناتۇرال ئىگىلىك ئىدى. 30 نەچچە يىلدىن ىنقى قۇرۇلۇش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، مىقداردا تۇراقلىق مۇلۇك ۋە كوچمە مۇلۇك جۇغلاندى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىس- ، قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ماددى ئاساستۇر، بۇ ئاساسنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندا، ىنىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇراقلىق مۇلۇك ۋە كوچمە مۇلۇك جۇغلانمىسى جەھەتتە ساقلان- مۇھىم مەسىلە:

(1) جۇغلانما قۇرۇلمىسىدا كوچمە مۇلۇك جۇغلانمىسىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى يۇقۇرىلاپ تى 1957 - يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللاردىكى ئومۇمى جۇغلانمىسى سانىدا كوچمە ۈك جۇغلانمىسى $\frac{1}{3}$ ئۇلۇشتىن ئاشمايتتى، پۇتۇن مەملىكەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەن ئىدى. 1957 - ىدىن كېيىن تەدرىجى يۇقىرىلىدى، 1976 - يىلى 40%دىن يۇقىرى بولدى، بۇنى پۇتۇن لىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا 20%دىن كوپرەك ئۇستۇن، كېيىن تۆۋەنلىگەن ىمۇ، يەنىلا پۇتۇن مەملىكەت سەۋىيىسىدىن ئۇستۇن بولدى. شىنجاڭدا كوچمە مۇلۇكنىڭ ئىگەل-

لىگەن سالمىقى چوڭ بولۇپ كېتىشتە ئىككى سەۋەب بار: بىرسى، تېخنىكىنىڭ قالاقلىقى، ئورگانىك تۈزۈلۈشىنىڭ تۆۋەنلىكى بولۇپ، بۇ، تەشكىلىي قۇرۇلمىدا كۆرۈلىدۇ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئاز، كىچىكلىرى كۆپ، بۇ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، كۆپىنچىسى قالاق تېخنىكا ئەسلىھەلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان «چوڭ ۋە مۇكەممەل»، «كىچىك ۋە مۇكەممەل» كارخانىلاردۇر، سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر بار بولغان پۈتۈن سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا 1.2% نى، كىچىك تىپتىكى كارخانا 98.8% نى ئىگىلەيدۇ. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا بار بولغان تۇراقلىق مۈلۈك پۈتۈن سانائەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ 57.4% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن كوچمە مەبلىغى پۈتۈن كوچمە مەبلەغنىڭ 47.1% نىلا ئىگىلەيدۇ؛ كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردا بار بولغان تۇراقلىق مۈلۈك پۈتۈن سانائەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئاران 42.6% نى ئىگىلەيدۇ، كوچمە مەبلەغ بولسا 52.9% گە يېتىپ بارىدۇ. تەشكىلىي قۇرۇلما ئىچىدىكى كىچىك كارخانىلارنىڭ سالمىقى چوڭ بولغاچقا، نىسبىي ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىلەپ تۇرغان كوچمە مەبلىغى كۆپرەك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىككىنچىسى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، كوچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروتى ئاستا، ئىگىلىگەن مىقدارى ھەددىدىن ئارتۇق. مەسىلەن: رايونىمىز بويىچە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1966 - يىلدىكى ھەر 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى 22.44 يۈەن كوچمە مەبلەغنى ئىگىلىگەن بولسا، 1978 - يىلى 37.5 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 67.1% گە ئۆسكەن. بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى سەۋىيىسىدىن 17% يۇقىرى بولۇپ، پەقەت مۇشۇ بىر تۈرلا 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق كوچمە مەبلەغنى ئوشۇق ئىگىلىگەن. ھادىسىدىن قارىغاندا، رايونىمىز بويىچە كوچمە مەبلەغ جەھەتتىن تەمىنلىنىش ئەھۋالى تولۇقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان كارخانىلار يەنىلا مەبلەغ قىسچىلىقىنى ۋە بۇنىڭ نورمال ئوبوروتقا تەسىرى يېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرسى — كوچمە مەبلەغ ئىچىدە خېلى مىقداردىكىسى يالغان جۇغلانما بولغان، مەسىلەن: بەزى كارخانىلار قارىغۇلارچە ماتېرىيال سېتىۋېلىپ، قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىش قىلغانلىقتىن، خام ئەشيا ۋە مەھسۇلات زور مىقداردا بېسىلىپ قالغان، بۇنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ ئۇنۇم قۇرۇلمىسى قالاق، مەھسۇلات سۈپىتى تۆۋەن بولغانلىقى ياكى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنماي چىرىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن، ئىستېمال قىممىتى يوق يارامسىز نەرسىگە ئايلانغان. بەزى كارخانىلارنىڭ ھېساۋاتلىرىدىن قارىغاندا، كوچمە مەبلىغى ئاز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە «خام سىمىر». چۈنكى، بۇنىڭ ئىچىدە يىغىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان بەزى بىر قاتمال ھېساپ، ئۆلۈك ھېساپ، ياكى ئىسمى بار جىسمى يوق ھېساپلار بار. رايونىمىزدا ھەر قېتىم مال - مۈلۈك ئېنىقلىغاندا بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا، تاۋار ۋە كوچمە مەبلەغنىڭ ھېساپتىن چىقىرىۋېتىلىشىدىكى سەۋەپ مانا شۇنىڭدا.

(2) تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنى بەلگىلىگەندە، كوچمە مۈلۈك جۇغلانمىسى مۇناسىپ ھالدا نەزەرگە ئېلىنماي، نەتىجىدە تۇراقلىق مۈلۈك بىلەن كوچمە مۈلۈك جۇغلانمىسىدا نىسبەت بۇزۇلۇپ، جۇغلانما ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەن. كوچمە مۈلۈك جۇغلانمىسى ئاساسەن ئاساسىي

رۇلۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بەلگىلىگەندە، مەبلەغ لىنىش، ماتېرىيال ئەسلىھەلىرى ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كۈچىنى ئومۇمىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى خشى ئىشلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى خام ئەشيا تەمىنا- تىمۇ ھېساپقا ئېلىش لازىم. خام ئەشيا يېتىشمەي ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشەلمەسلىك كى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىل «تويىماسلىق» ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىماسلىق رەك. رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلىرى ئاز ئەمەس، مەسىلەن: بەزى رايونلاردا مۇر، تۆمۈر رودىسى، ھاك تېشى قاتارلىق ماددى مەنبەلەر كەمچىل، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى لەن تەمىنلەش جىددى تۇرۇغلۇق، يەنە بولات، سېمونت، خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتلىرى قاتارلىقلارنى رماقچى بولغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەسلى بار بولغان خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش قتىدارى خام تېرە بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، قىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى جايلار قارىملىق بىلەن يەنە 100دىن ئوشۇق كىچىك خۇرۇم ۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، كىچىك ئارقىلىق چوڭنى قىستىغانلىقتىن خام ئەشيا تەمىناتى بىلەن ششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەۋدىلەندى. نۇقتىلىق كارخانى- رنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىماسلىق ئۈچۈن، كۆپلەپ تاشقى پىرووود سەرپ قىلىپ خام ېرە ئىمپورت قىلماي بولمىدى. بازارلار جىددى ئېھتىياجلىق بولغان بەزى يېنىك - توقۇمىچىلىق انادى ى مەھسۇلاتلىرىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرالمىغانلىقنىڭ ئاساسىي سەۋىۋى — ئىشلەپچىقىرىش قتىدارى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خام ئەشيا تەمىناتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان- قتۇر. مەسىلەن: پاختا توقۇلما، سوپۇن ۋە تاماكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە خام ئەشيانىڭ يتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن، كۆپ ولغاندا 80% ئوپچۇرىسىدە پايدىلىنىلغان، ئاز بولغاندا 50% گىمۇ يەتمىگەن. شۇڭا، ۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسى كۆچمە مۇلۇك جۇغلانمىسى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. ئەگەر كۆچمە ۇلۇك جۇغلانمىسىدىن ئايرىلىپ، تۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسىنى قارغۇلارچە قوغلاشقاندا، ئەمگەكنىڭ ەتىجىسى بولمايدۇ، ئارزۇ قىلغان سۇرئەتكىمۇ يەتكىلى بولمايدۇ.

(3) شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەبىي شارائىتى شەكىللەندۈرگەن دېخانچىلىق، چار- ۋىچىلىق كۆچمە مۇلۇك جۇغلانمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇناسىپ ھالدا تۇراقلىق ۇلۇك جۇغلانمىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلمىگەن. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى 5 چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، كارىكول قويى، ىلى ئېتى قاتارلىق مەشھۇر ئېسىل سورتلۇق چارۋىلار ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدە كۈن نۇرى كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى، كۈننىڭ يىل بويى نۇر چېچىشى 2550 — 3500 سائەتكە يېتىدۇ، مەملىكىتىمىزدە پاختا تېرىشقا ئەڭ مۇۋاپىق رايونلارنىڭ بىرى. ئادەتتىكى پاختىنىڭ تالاسى ئۇزۇن، سۈپىتى ياخشى، ئۇزۇن تالالىق پاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 95%دىن يۇقۇرى بولۇپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ، ئۇرۇقسىز

ئۈزۈم، قومۇل قوغۇنى، قولماق قاتارلىقلار ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇردۇر. ئۆتمۈشتە بىز تەبىئىي بايلىقلار جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېنىك – توقۇمىچىلىق سانائەت تۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسىنى كېڭەيتمەي، خام ئەشيا ئەۋزەللىكىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرىلات- ماي، بەلكى پاختا، قوي يۇڭى، تېرە، قولماق قاتارلىقلارنى خام ئەشيا ياكى ئىپتىدائىي مەھسۇلاتلار سۈپىتىدە ئېكسپورت قىلدۇق ياكى سىرتقا يوتكىدۇق. بۇ، رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە كۆپىيەلمەسلىكىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى.

تۇراقلىق مۇلۇك بىلەن كۆچمە مۇلۇكنىڭ جۇغلانما قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كەڭ ئىقتىسات جەھەتتە پىلانلىق يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ۋە تۇراقلىق مۇلۇك بىلەن كۆچمە مۇلۇك جۇغلانما نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، تەڭشەش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، باھاسى يۇقىرى، بازىرى يوق، ئۇزۇن مۇددەت زىيان تارتىپ كەلگەن، چوڭ سانائەت بىلەن خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە تالىشىدىغان، خام ئەشيانى ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ قىلىدىغان ۋە دۆلەتنىڭ ماددىي بايلىقىنى بۇزىدىغان كارخانىلارنى قەتئىي تاقاش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق تۇراقلىق مۇلۇك بىلەن كۆچمە مۇلۇك قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئارا ماسلىشىشقا يۈزلەندۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىللە ئېلىپ بېرىش ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېنىك – توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئېسىل خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ، كۆچمە مۇلۇك جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، مەۋجۇت تۇراقلىق مۇلۇك ۋە كۆچمە مۇلۇكنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. رايونىمىزنىڭ تۇراقلىق مۇلۇك ۋە كۆچمە مۇلۇك جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ پايدىلىنىش نورمىسىنى ۋە كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت نورمىسىنى يۇقىرىلىتالىدىغانلا بولساق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

### 2. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۇلۇك بىلەن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرى بىر ياغلىق قىلىش

تۇراقلىق مۇلۇك — ئويناۋاتقان رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۇلۇك ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۇلۈككە ئايرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۇلۇك دېگىنىمىز – ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان ياكى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان بىر قىسىم تۇراقلىق مۇلۇك بولۇپ، ئۇ ماشىنا ئەسلىھەلىرى – تۆمۈر يول، كۆۋرۈك، پىرىستان، زاۋۇت بىنالىرى، تىرانسپورت ئەسلىھەلىرى، ئېنېرگىيە ئەسلىھەلىرى،

وتكۈزگۈچى ئەسلىھەلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدىغان قورال - سايمان قاتارلىقلاردۇر.
ىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان بىر قىسىم تۇراقلىق مۈلۈك، غەيرى
ىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپ، دوختۇرخانا، يەسلى، كىنوخانا
اتارلىقلار. بەزى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك بىلەن غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى
ۇراقلىق مۈلۈك بىر - بىرىگە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئاپتوموبىل، ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدە
ىشلىتىلسە، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك بولىدۇ. غەيرى ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىگە كىرگەندە،
ىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈككە ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكى پۈتۈن
ۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى بولمىسا، كېڭەيتىلـ
ەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بولمايدۇ. ئەمما، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى
ەمگەكچىلەرنىڭ ئىشتىراك ئېتىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ تۇۋار ئايلانمىسى، تەقسىمات،
ىستېمال جەريانى بىلەن كەڭ مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق
ۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ بولىشى زۆرۈر، بەلكى بۇ ئىككىسى مۇۋاپىق نىسبەتنى
اقلىشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكى ۋە غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكىنىڭ
ۇناسىۋىتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
ەلق ئاممىسىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى بىلەن نۆۋەتتىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش
ىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بىز ئىشلەپچىقىرىش
ۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنى ئېتىبارغا ئالماي، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنى
ىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىمەيمىز؛ ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىلا ئېتىۋار
ېرىپ، زۆرۈر بولغان غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنىمۇ سەل قارىيالمايمىز،
ىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇناسىپ ھالدا غەيرى
ىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى،
ەلىم - تەربىيە شارائىتى، داۋالىنىش شارائىتى ۋە باشقا جەمئىيەت پاراۋانلىق ئىنشائاتلىرىنى
ەدرىجى ياخشىلىشىمىز كېرەك. ئۆتمۈشتە «سول» ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا،
ىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق
ۈلۈك جۇغلانمىسىغا سەل قارالدى. نەتىجىدە «ئۆستىخان» بىلەن «گۆش» نىڭ نىسبەت
ۇناسىۋىتى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ماسلاشمىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن
كېيىن، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، رايو-
ىمىزنىڭ غەيرى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاشۇرۇلدى، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش
ۇرۇلۇش مەبلىغى پۈتۈن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ سېلىشتۇرما سالمىقىدا ئۆتمۈشتىكىدىن كۆزگە
كۆرۈنەرلىك يۇكسەلدى. 1977 - يىلدىن بۇيان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 6 مىليون كۋادرات
ېتىردىن كۆپرەك تۇرالغۇ جايى ياسالدى. بۇنىڭدا 1980 - يىلى يېڭىدىن پۈتكەن قۇرۇلۇش
ۇلىمى بىر مىليون 800 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، 1979 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا
%70.1 ئاشقان، نەتىجە ناھايىتى زور. لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نىسبەتتىكى ماسلاشماسلىق ئەھ-

ۋالى ئاساسەن ئۆزگەرگىنى يوق. بولۇپمۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق ئۆيلىرى يەنىلا بىر قەدەر جىددى. ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق 8 شەھەرنىڭ ئىستاتىستىك مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 1977 - يىلى ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.84 كۋادرات مېتىر كولىمىدە تۇرالغۇ جاي توغرى كەلگەن، 1978 - يىلى 2.97 كۋادرات مېتىرغا كۆپىيىپ، 4.6% ئاشقان. لېكىن بۇنى شۇ مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شەھەر ئاھالىسىدىن كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرى كەلگەن ئولتۇراق جاي كولىمىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا 0.63 كۋادرات مېتىر ئاز. ئۈرۈمچى — ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى شەھرى، نازاتلىقتىن بۇيان شەھەر قۇرۇلۇشىغا زور مىقداردا مەبلەغ سېلىنغان بولسىمۇ، شەھەر رايونلىرىنىڭ ئاھالىسى ئادەتتىكىدىن تېز كۆپەيگەنلىكتىن، 1979 - يىلدىكى كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرى كەلگەن تۇرالغۇ جاي كولىمى يەنىلا 1949 - يىلدىكىدىن 13% ئازايغان. شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرى كەلگەن تۇرالغۇ جاي كولىمى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئوتتۇرا ھ ساپ.كى سانىدىن 24% تۆۋەن، شەھەر بويىچە بەنە نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىلەرگە ئۆي يېتىشمەيدۇ. مائارىپ بىنالىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك مەسىلە. رايونىمىز بويىچە 1979 - يىلدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى 84.5% بولۇپ، 1965 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 10% تۆۋەنلەپ كەتكەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى 50% گە يەتمەيدۇ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالغان. مەكتەپلەردىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھەر 10 مىڭ كىشىگە توغرى كەلگەن سان 1965 - يىلدىكىدىن 6% تۆۋەنلەپ كەتكەن، بۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ساندىن 8.6% تۆۋەن. باشقىلار، مەسىلەن: شەھەردىكى ئاممىۋى پارا ئىلىق ذ لىرى، داۋالاش - سالامەتلىكنى ساقلاش، سودا - مۇلازىمەت كەسپلىرىنىڭ ئومۇمەن ۋزلۇك يېتىشمەسلىكى ھىس قىلىنماقتا. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سوداۋە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش تور- نۇقتىلىرى تەلەپتىن يەنە 3 تىن بىر قىسمى كەم، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نەچچە يۈزلىگەن دادۇيلەردە پارچە سېتىش سودا تورىنىڭ نۇقتىلىرى تېخى يوق. چاچ ئالدۇرۇش، يۇيۇنۇش تىكى يېمەك مەسىلە تېخى ھەل بولغىنى يوق. پۈتۈن رايونىمىزدىكى مونچىنىڭ سانى 20 گە يەتمەيدۇ. 90 مىڭغا يېقىن شەھەر ئاھالىسى بار ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئارانلا 3 مونچا، بىر يۇيۇنۇش - بوياش ىكىنى بار. سەتىراشخانا 80 دە يەتمەيدۇ، كىنو - تىياتىرخانىلاردا مىڭ كىشىگە ئارانلا 26 كىشىلىك ئورۇن توغرى كېلىدۇ، بەلگىلىمىدىن 12 كىشىلىكتىن كۆپرەك ئورۇن تۆۋەن. غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇرالغۇ مۈلۈك جەھەتتىكى يېتىشمەسلىك كۆپ يىللار مابەي نە ...ەپ قالغان بولۇپ، نىڭ ھەممىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇقلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنى مادارىمىزغا قاراپ، ددەت ۋە تۈركۈمگە بولۇپ تەدرىجى ھەل قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە ل ئىچىدە، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش مەبلىغىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي ۋە ئالى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن شەھەر ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىش لازىم. بۇمۇ ئىگىلىكنى تەڭشەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

www.uyghurkitap.com

### 3. ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكىدە مۇۋاپىق بىر سانائەت قۇرۇلمىسى بولۇش لازىم

سانائەت قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكىدە ئەڭ مۇھىم قۇرۇلمىدۇر. سانائەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، رايونىمىزنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول بولۇش، كان مەھسۇلات تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇش، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە چارۋىچىلىقتا ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشتەك پايدىلىق شەرت - شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، رايون ئۈستۈنلۈك قۇرۇلمىسىنى تىكلەش ئارقىلىق سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، ياخشى سۈپەت ئايلانمىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

سانائەت ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق — شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئىككى چوڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى. دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك 6 مىليارت يۈەنگە يەتتى، بۇ رايونىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى، بۇ ئاساسنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك ئىچىدە، سانائەتنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ 30% گە يەتمەيدۇ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىگەللىگەن تۇراقلىق مۈلكى ئوتتۇرىچە 1:40، بۇ، يېزا ئىگىلىكىدە ماددىي تېخنىكا ئاساسىنىڭ تېخى ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يېزا ئىگىلىك تۇراقلىق مۈلكىنى مۆلچەرلىمەك بويىچە بولغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىگەللىگەن سالمىقى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭكىدىن يۇقىرىراق تۇرىدۇ، ئالدىنقىسى 51% دىن كۆپرەكىنى ئىگەللىسە، كېيىنكىسىنىڭ 49% گىمۇ يەتمەيدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھەر بىر ئىشچىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشى خەلق گۇڭشى ئەزالىرىنىڭكىدىن 1.7 ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. رايونلار بويىچە بولغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئىگەللىگەن تۇراقلىق مۈلۈكتە، شىمالىي شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن 56% ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ خوتەن رايونى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن 2 ھەسسىدىن ئارتۇق يۇقىرى تۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشى تۆۋەن، لېكىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى خەلق گۇڭشېلىرى ئىچكىرىدىكى بىر مۇنچە رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئانچە تۆۋەن ھېسابلانمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرىچە ئىگەللىگەن كۆچمە مۈلۈكنى پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا 70% يۇقىرى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بولسا 2 ھەسسىدىن ئۈستۈنرەك. نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتـ

قان مەسىلە — يېزا ئىگىلىكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقۇرى ئەمەس. مەسىلەن: مەلۇم ناھىيىنىڭ 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە قەدەر بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمى ئېنېرگىيىسى 1958 - ۋە 1959 - يىللاردىكىدىن 20 نەچچە ھەسسە ئاشقان. ئوخشاش مەزگىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى ئاران 60% دىن كۆپرەك ئاشقان، يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 10% دىن كۆپرەك تۆۋەنلىگەن. رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئىستىمال ئۈنۈمى يۇقۇرى بولماسلىقىدىكى سەۋەپ شۇكى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، بەزى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سۈپىتىنىڭ يۇقۇرى بولمىغانلىقىدىن تاشقىرى، مۇھىمى ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدا. بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسەتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئەمەللەشتۈرۈلسە، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەقىقى كۈچەيتۈرۈلسىلا، يېزا ئىگىلىك تۇراقلىق مۈلكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆز رولىنى بارغانسىرى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدۇ.

يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى — سانائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسي نىسبەت. رايونىمىز يېنىك ۋە ئېغىر سانائىتىنىڭ نىسبىتى ماسلاشمىغانلىقىدىكى ئاساسي سەۋەپ — سانائەت كۆچمە مۈلكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا. ئۇزۇندىن بۇيان، رايونىمىزدا ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش مۇۋاپىق بولمىغان دەرىجىدە تەكىتلەندى، بولۇپمۇ «پولاتنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، كۆپ مىقتاردىكى مەبلەغ ئېغىر سانائەتكە سېلىندى، ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېغىر سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ ئاساسي قۇرۇلۇش ئومۇمى مەبلىغىنىڭ 34.7% نى، يېنىك سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ 5.2% نى ئىگەللىگەنلىكتىن، سانائەت تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېنىك - ئېغىر سانائەت قۇرۇلمىسى ماسلاشالمىدى، چوڭ غالىتما ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1980 - يىلى، رايونىمىز بويىچە ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت تۇراقلىق مۈلكىدە، يېنىك سانائەتنىڭ ئىگەللىگەن سالمىقى 16% گە يەتمەيدۇ، ئېغىر سانائەتنىڭ ئىگەللىگىنى 84% دىن يۇقۇرى. پۈتۈن يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى مېتاللورگىيە سانائىتى بىلەن ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭكىدىن سەللا يۇقۇرى، ئوخشاش مەزگىلدىكى يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى مېتاللورگىيە سانائىتىنىڭكىدىن 9 ھەسسىدىن كۆپرەك ئۈستۈن، ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭكىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقۇرى، ئېلىنغان پايدا ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭكىدىن 9 ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقۇرى بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مېتاللورگىيە سانائىتىدە زىيان كۆرۈلدى، بۇنىڭدىن سانائەت تۇراقلىق مۈلۈك قۇرۇلمىسىدا يېنىك - توقۇمىچىلىق سانائەت سالمىقىنى ئۇستۇرۇش ۋە، سانائەت تۇراقلىق مۈلۈك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنىڭ ئىستىمال مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشتا، بازارنى تەمىنلەشنى ياخشىلاشتا، مەبلەغ جۇغلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتنى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يېقىنقى يىللار مابەينىدە، رايونىمىز بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېنىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلەتتى، 1980 - يىلى، يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئېغىر سانائەتنىڭكىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېشىپ كەتتى، يېنىك سانائەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى سالمىقى 1978 - يىلدىكى 42.4% دىن 1980 - يىلى 53.27% گە كۆتۈرۈلدى. ئېغىر سانائەت سالمىقى بولسا 57.6% دىن 46.73% گە چۈشۈپ قالدى. لېكىن يېنىك - ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى تۈپ - ئاساسىن تەڭشەش ئۈچۈن، يېنىك سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتىش؛ جۇغلانمىنىڭ تەقسىمات يۆنىلىشىنى تەڭشەش ئارقىلىق يېنىك سانائەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇش، يېنىك سانائەتنىڭ سانائەت تۇراقلىق مۈلكىدىكى سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېغىر سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۇنى ئۆز - ئۆزىگە خىزمەت قىلىش ھالىتىدىن يېزا ئىگىلىكىگە، يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىگە خىزمەت قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي يۇسۇندا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ھەر تۈرلۈك قىسىملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوينايدىغان رولى ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاساسلىق رول ئوينىسا بەزىلىرى ياردەمچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ، يەنە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى ۋە ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتىغا بۆلۈنىدۇ. ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى — بىر كارخانىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنى يەنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. كارخانىنىڭ مەھسۇلات يۆنىلىشى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ياردەمچى ئىنشائات پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى تارماقتۇر. ماشىنىسازلىق سانائىتىنى ئالساق: پىششىقلاپ ئىشلەش، سوقۇپ پىرىسلاش، قۇيۇش، قۇراشتۇرۇش سېخلىرى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا تەئەللۇق؛ ترانسپورت، ئېنېرگىيە، رېمونت قاتارلىقلار ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا تەئەللۇق. ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدا پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مەلۇم دەرىجىدە كارخانا كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى بىلەن ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتىنىڭ ئايرىلىشى مۇتلەق ئەمەس، ئۇ، سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئوخشاشمىسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: رېمونت سېخىنى ئالساق، ئۇ، پولات زاۋۇتى، خىمىيە زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ياردەمچى سېخ ھېسابلىنىدۇ، ئاپتو رېمونت زاۋۇتىدا بولسا ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش سېخى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى بىلەن ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى ئارىسىدا مۇئەييەن نىسبەت مۇناسىۋىتى ساقلانغاندىلا ئاندىن ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ. ئەگەر نىسبەت مۇۋاپىق بولمىسا، تۇراقلىق مۈلۈك ئەڭ زور ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئۆتمۈشتە رايونىمىزدىكى بەزى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە كۆپىنچە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتلىرىغا سەل قاراش بولغان ۋە مەبلەغ يېتىشمەسلىكىنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا قالدۇرغان، ھەتتا ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى بىلەن ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئەسلى لايىھەدىكى ئىقتىدارغا يېتەلمىگەن. ئەلۋەتتە، ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش

ئىنشائاتى بىلەن ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى لازىم دېگەنلىك ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى "چوڭ ۋە مۇكەممەل"، "كىچىك ۋە مۇكەممەل" قىلىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، بەزىبىر ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، مەسىلەن رېمونت قاتارلىقلار، مەخسۇسلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەركەزلەشتۈرۈش شارائىتىغا ئىگە بولسا، بىر رايون دائىرىسىدە بىر تۇتاش ئويلىشىپ، بەزى بىر مەخسۇس زاۋۇتلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرسا بولىدۇ، ھەر بىر كارخانىدا ماشىنا رېمونت سېخلىرى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن بىر كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدىكى ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئىنشائاتى ھازىرلىنىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا چۈشىشى زۆرۈر.

4. غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش

غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى بولۇشى بىلەن بىللە، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىمۇ بار. ئۇنى خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى قامداشقا، ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكلەر، مەسىلەن: ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جايى، كوللېكتىپ ياتاق، ئاشخانا، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، دوختۇرخانا، ساناتورىيە قاتارلىقلار؛

(2) ئەمگەكچىلەرنىڭ تەن ساقلىقىنى ئاشۇرۇشقا، مۇئەييەن مەدەنىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زاپاس قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكلەر، مەسىلەن: ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ھەر خىل كەسپىي مەكتەپلەر، كۇرسلار، تېخنىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى قاتارلىقلار؛

(3) تاۋار مۇئامىلىسى ۋە ئىستېمالچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل تۇراقلىق مۈلۈكلەر، مەسىلەن: سودا دۇكانلىرى، سودا - تەمىنات كوپېراتىپلىرى، سودا سارايلىرى، ئامبار قاتارلىقلار؛

(4) شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان بەرىكەن بولۇش ۋاستىلىرى، مەسىلەن: كىنو - تىياتىرخانىلار، كلۇب، كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرى، تەنتەربىيە سارىيى قاتارلىقلار؛

(5) مەمۇرى باشقۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكلەر، مەسىلەن: پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشخانا ئۆيلىرى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ئەسلىھە

www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ تۇراقلىق مۇلۇكلەرنى (مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن باشقا) ئەگەر ئايرىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن قارىغاندىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن جەمئىيەت تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى. ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم ھالقىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا، پۈتۈن ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن: ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي شارائىتى بەك ناچار بولسا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مائارىپ ئىنشائاتلىرى يېتەرلىك بولمىسا، مەكتەپتە ئوقۇش قىيىنلىشىدۇ، كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر زورۇر بولغان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، سودا تورنۇقتىلىرى ئاز بولسا، مالنىڭ ئوبوروت يولى توسۇلۇپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ۋاھاكازا. شۇڭا ئۇچۇن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۇلۇك جۇغلانمىسىنى نارىسىز - قارشى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سەلبىي ئامىل سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنسا توغرى بولمايدۇ.

بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار ۋە تارماقلار غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۇلۇكلىرى ئارىسىدىكى نىسبەت مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى، لېكىن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكى يېڭىدىن كۆپەيگەندە، ئومۇمىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يېتەرلىك ئىشلەنمىدى، ئىنشائاتلار ئارىسىدىكى باغلىنىش بىلەن ئۇنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشىگە دىققەت قىلىنمىدى. مەسىلەن: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچىدە ئاھالىلار ئۈچۈن بىر تۈركۈم تۇرالغۇ جاي ياسالدى، نەتىجە ناھايىتى زور بولدى، بۇ، تۇرالغۇ جاي جىددىيلىك ئەھۋالىنى پەسەيتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى. لېكىن، بەزى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاھالە پونكىتلىرىدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ مەكتەپ، ئاشلىق دۇكانلىرى قاتارلىقلار بىر ۋاقىتتا قۇرۇلمىغاچقا، ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا، بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا ناھايىتى زور قولايسىزلىق كەلتۈردى. بەزى ياتاق بىنالىرى پۈتكەندىن كېيىن، سۇ بىلەن تەمىنلەش، كېرەكسىز سۇنى چىقىرىپ تاشلاش، توك بىلەن تەمىنلەش، پار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولماي، ئاھالىلار ئۆزۈنچە ئۆيلەرگە جايلىشالمىدى. شەھەر قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتتىق تىزگىنلەنمىگەنلىكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇپ كەتكەنلىكى، سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئارتۇقچە مەركەزلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، قاتناش قىستاڭچىلىقى، تۇرالغۇ جاينىڭ جىددىيلىكى، ئېنېرگىيىنىڭ يېتىشمەسلىكى، سۇ يېتىشمەسلىك، مۇھىتنىڭ ئېغىر بۇلغىنىشى يەنىلا ئاساسەن ئۆزگەرگىنى يوق.

غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان يەنە بىر مەسىلە — ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەكشى بولماسلىقىدا. ئادەتتە شەھەرنىڭ ناھىيە شەھەرلىكىدىن يۇقىرى، ناھىيە شەھىرىنىڭ يېزىلىكىدىن يۇقىرى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتكەن. شەھەرنىڭ ئىچكى

قىسمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ تەكشى ئەمەس. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئالساق، تيانشان رايونىنىڭ نوپۇسى يېڭى شەھەر رايونىنىڭكىدىن 3 ھەسسىدىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يېمەك - ئىچمەك كەسپى تور - پونكىتلىرى يېڭى شەھەر رايونىنىڭكىدىن 9 ھەسسە كۆپ. يېڭى شەھەر رايونىدىكى كىنو - تىياتىرخانىلاردا ھەر مىڭ ئادەمگە 20 ئورۇن توغرى كەلسە، تيانشان رايونىدا 38 ئورۇن توغرى كېلىدۇ. بۇ يېڭى شەھەر رايونىنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە يۇقىرىراق (ئىچكىرىدىكى كۆپلىگەن رايونلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، تيانشان رايونىنىڭ يۇقىرى ھېساپلانمايدۇ). تيانشان رايونىمۇ ئاساسەن شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

غەيرى ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىسبەت مۇۋاپىقسىزلىقى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن، بۇنى پەقەت تەدرىجى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرالغۇ جاي، شەھەر مۇلازىمەت ئىشلىرى، پاراۋانلىق ئىنشائاتلىرى ۋە مەدىنى - مائارىپ، سەھىيە ئىنشائاتلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەت تەستىقلىغان ئومۇمى دائىرە ئىچىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ئاستىدا، كارخانىلارنى ئۆزلىرى مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاقلىرىنى ۋە باشقا كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. رايونىمىزنىڭ 70% دىن ئارتۇق نوپۇسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، بۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر. پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ ئەمەللىشىشىگە، دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ جاي شارائىتىنى تەدرىجى ياخشىلاش كېرەك. بۇ، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 5 • كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل بوغۇملار مۇناسىۋىتىنى توغرى ھەل قىلىش

ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆچمە مەبلەغمۇ ئۈزلۈكسىز ئايلىنىش جەريانىدا تۇرىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، كارخانا خام ئەشيانى، يېقىلغۇنى، ياردەمچى ماتېرىيال قاتارلىق ماددى ئەشيالارنى پۇلغا سېتىۋالىدۇ، پۇل مەبلىغى ماددى ئەشيا زاپىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ — ھازىرلىق باسقۇچى. ئىككىنچى باسقۇچ — ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى، كارخانىلار خام ئەشيا ۋە ياردەمچى ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا سالىدۇ، ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانى شەكىللىنىپ، ئىشلىنىۋاتقان مەھسۇلات، يېرىم ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى كۆچمە مەبلەغ ئىشلىنىۋاتقان مەھسۇلات، يېرىم ئىشلەنگەن مەھسۇلات ۋە پۈتكەن مەھسۇلات ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ — سېتىش جەريانى بولۇپ، سېتىش ئارقىلىق مەھسۇلات مەبلىغى پۇل مەبلىغىگە ئايلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى كۆچمە مەبلەغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامباردا ساقلانغان تاۋار، تارقىتىلغان تاۋار ۋە ھېساپلانغان مەبلەغ ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ 3 باسقۇچ ۋاقىت جەھەتتىن داۋاملىشىدۇ، ماكان جەھەتتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئايرىم كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆچمە مەبلەغ بىر ۋاقىت ئىچىدە زاپاس مەبلەغ، ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ۋە پۈتكەن مەھسۇلات مەبلىغىگە ئايرىلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىن قارىغاندا، كۆچمە مەبلەغ — ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدىكى كۆچمە مەبلەغ ۋە ئايلىنىش دائىرىسىدىكى كۆچمە مەبلەغ (ماددىيماللار زاپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە ئايرىلىدۇ. بۇ باسقۇچ ۋە دائىرىلەر ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ ئارىسىدا مەلۇم نىسبەت ساقلانغاندىلا، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاندىن توسالغۇسىز ھالدا نورمال ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

رايونىمىزنىڭ كۆچمە مەبلىغىنىڭ قۇرۇلمىسىدا، زاپاس مەبلەغ ئىگىلىگەن سالماقنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىشى، ئاساسەن، قارغۇلارچە سېتىۋېلىش، قارغۇلارچە ۋەزىپە تەقسىملەش كەلتۈرۈپ چىقارغان نورمىدىن ئارتۇق زاپاس ۋە بېسىلىپ يېتىشتىن بولدى. پولات ماتېرىياللىرىنى مىسالغا ئالساق، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، 1980 - يىلى ئامباردا ساقلانغان ماتېرىيال 1979 - يىلدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن، بولسىمۇ، لېكىن 1977 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا 80% كۆپەيگەن. يۇقىرى دەرىجىلىك ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكىنىگە سېلىشتۇرغاندا، رايونىمىزنىڭ نورمال ئوبوروت مىقدارى بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن. ئۆتكەن يىلى رايونىمىز بويىچە پولات ماتېرىياللىرىنىڭ ئامباردا ساقلىنىشى تۆۋەنلىمىدى، لېكىن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، تەمىنلەش ئورۇنلىرى ۋە پولات - تۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلانغانلىرى تۆۋەنلەش ئۈستىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە كۆپىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ پولات - تۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ پولات ماتېرىياللىرى بىلەن چويۇنلارنىڭ بېسىلىپ يېتىش ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر.

رايونىمىزنىڭ ئوبوروت دائىرىسى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ بەزى ئۆلكە، رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولۇپ كەتتى. بىر تەرەپتىن يەرلىك سانائەت ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، يەرلىك مەھسۇلات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى بولمىغانلىقىدىن بولغان. مولچەرگە ئاساسلانغاندا، كۈندۈلۈك ئىستېمال سانائىتىنىڭ ئىستېمال مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىشى پەقەتلا 50% ئوپچۇرىسىدە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ خېلىلا كۆپ قىسمى چەت ئۆلكە، رايونلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبوروت تارماقلىرى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ نىسبىي ئېيتقاندا، چوڭراق بولۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوبوروت دائىرىسى ئارىسىدىكى ھالقا كۆپ، تاۋارنىڭ ئوبوروتى ئاستا، ئىچكى - تاشقى سودا ئامبارلىرىدا ساقلانغانلىرى ئىچىدە خېلىلا قىسمى كاسات، يارامسىز مەھسۇلاتلار بولغانلىقىدىن بولغان. بۇنىڭدىن كېيىن كارخانا باشقۇرۇشىنى، ئىقتىسادىي ھېساۋاتىنى كۈچەيتىپ، نورمىبلىق كۆچمە مەبلەغنى ھەقسىز ئىشلىتىشنى تولۇق نورمىلىق قەرزگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. سودا - ماددىي ئەشيا تارماقلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئۆزگەرتىش بىلەن

ئوتتۇرىدىكى ھالقىلارنى ئازايتىپ، ئوبوروت يولىنى كەڭ ئېچىش، ئوبوروت خىراجىتىنى ئازايتىش ئارقىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىگەللىگەن مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

## 6. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئەمگەكچى شەخسلەر جۇغلانمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرى ھەل قىلىش

ماركس مۇنداق دەيدۇ: "ئىستېمال ۋاستىلىرى تەقسىماتىنىڭ ھەرقانداق بىر خىلى پەقەتلا ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزى تەقسىم قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر،" («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 19 - توم، 23 - بەت) كاپىتالىزىم شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغانلىقتىن، ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ياراتقان قوشۇمچە قىممەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار جۇغلانمىسىنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ، كاپىتالىست ۋە پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. سوتسىيالىزىمدا بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. جۇغلانما بولسا، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە خەلقنىڭ ماددى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پىلانلىق تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك مەملىكىتىمىزدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر - يېزىلاردا يەنە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يەككە مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە جۇڭگو - چەتئەل بىرلەشمە مەبلىغى بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقان بىر قىسىم كارخانىلارمۇ مەۋجۇت، مەسىلەن: شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭ سودىگەرلىرى بىرلىكتە باشقۇرغان تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىقلار. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كۆپ قاتلاملىق مۈلۈكچىلىك شەكلى قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ تەقسىمات شەكلىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى بەلگىلەپ، ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل فورماتسىيىدىكى جۇغلانمىنى شەكىللەندۈرگەن.

دۆلەت جۇغلانمىسى پۈتۈن جۇغلانمىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا دۆلەت باج ئېلىش ۋە كارخانىلارنى پايدا تاپشۇرتقۇزۇش شەكلى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ياراتقان بىر قىسىم قوشۇمچە مەھسۇلاتنى توپلايدۇ، تەقسىملەش ۋە تەكرار تەقسىملەش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى بىلەن كۆچمە مۈلۈك جۇغلانمىسى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ، خەلقتىن ئېلىپ خەلققە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ، پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ماددى ئاساستۇر، ھازىر رايونىمىزنىڭ دۆلەت جۇغلانما قىسمى پۈتۈن جۇغلانمىنىڭ تەخمىنەن 75% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۆلەت مەركەزلەشتۈرگەن جۇغلانمىدىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مالىيىنى ھۆددىگە ئېلىش، پۈتۈن پايدىدىن نىسبەت ئايرىش، كارخانىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى سىناق قىلىۋاتقان ئورۇنلاردا، باشقۇرۇش بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقتىن خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. بۇلاردىن خېلى بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاقلىرىنى ۋە باشقا كوللېكتىپ پارا-

...انلىق ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا جۇغلانمىسىنى تەكمىللەندۈرىدۇ. بۇ، دۆلەت جۇغلانمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كوللېكتىپ جۇغلانما — پۈتۈن جۇغلانمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھازىر ئۇ، ئاساسەن ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان:

(1) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ جۇغلانمىسى — كوللېكتىپ جۇغلانمىنىڭ مۇھىم قىسمى، ئۇ رايونىمىز كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنىڭ تەخمىنەن 90% نى تەشكىل قىلىدۇ. رايونىمىزدىكى يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئاساس قىلىنغان 3 دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، گوڭشې، ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى، ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم جۇغلانمىسى بار (چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق گوڭشېلىرىدىمۇ دادۈي ۋە گوڭشې ھېساۋاتى يولغا قويۇلغان). ئىچكىرىدىكى گوڭشې، دۈي كارخانىلىرى تېز راۋاجلانغان بەزى رايونلاردا گوڭشې،دادۈيلەرنىڭ جۇغلانمىسى ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن، رايونىمىزدا ھازىر خەلق گوڭشېلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدا يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇغلانما قۇرۇلمىسى ئومۇمەن مۇنداق: گوڭشېنىڭ تەخمىنەن 20% نى ئىگىلەيدۇ، دادۈينىڭ 30% گە يەتمەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ 50% دىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلەيدۇ.

3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى تېز راۋاجلاندى، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، بەلكى رايونلار ئەھۋالىمۇ تەكشى ئەمەس؛ 1979 يىلى شىمالىي شىنجاڭدا گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن 1.1 ھەسسە يۇقىرى بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ كىرىمىدىمۇ خېلى چوڭ پەرق بار، مەسىلەن، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ پەيزىۋات ناھىيىسىدىكىدىن 4 ھەسسە يۇقىرى. ئوتتۇرىچە رايونىمىزدا چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئومۇمەن دېھقانلارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېقىنقى يىللاردا چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى دېھقانلارنىڭ كىرىمىدىن ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بىرنەچچە رايوننىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن كىرىمى دېھقانلارنىڭكىدىن 25% ئەتراپىدا تۆۋەن ئىكەن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن ئەھۋال ئاستىدا، كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك، “ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش” كە بولمايدۇ. ئادەتتە، باي گوڭشې، باي دۈيلەر جۇغلانمىنى كۆپرەك قالدۇرسا بولىدۇ، كەمبەغەل دۈيلەر ئازراق قالدۇرسىمۇ ياكى قالدۇرمىسىمۇ بولىدۇ؛ مول ھوسۇل ئالغان يىللاردا كۆپ قالدۇرۇش، ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەن يىللاردا ئاز قالدۇرۇش ياكى قالدۇرماسلىق كېرەك.

(2) شەھەر - جېن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى — پۈتۈن كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللار ئابەيىندە، رايونىمىزنىڭ شەھەر - جېنلىرىدىكى كوللېكتىپ كارخانىلار تېز تەرەققىي قىلدى. 1980- يىلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى 2000 دىن ئاشتى، ئۇلار ياراتقان سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى پۈتۈن رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ

8% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا، يېمەك-ئىچمەك كەسپى ئورۇنلىرى 3000 گە يەتتى، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - مۇلازىمەت كەسپىدىكىلەرنىڭ 17% گە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. كوللېكتىپ كارخانىلار ئەمگەكچىلىرى ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى دۆلەتكە باج تۆلەش شەكلى بىلەن تاپشۇرۇشتىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كارخانا ئىلكىدە بولۇشى كېرەك. تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇ كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئاساسىدا تەدرىجىي جۇغلانمىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشى، ئەمگەك شارائىتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ئۆستۈرۈشلىرى لازىم.

ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىن باشقا، يەنە شەھەر - يېزا ئەمگەكچىلىرى ئاممىسىنىڭ يەككە مۈلۈكچىلىكىمۇ بار. مەسىلەن: يەككە قول سانائىتى، يەككە سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، مەخسۇس كەسىپ قىلغۇچىلار، بۇنداق يەككە مۈلۈكچىلىك بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ جۇغلانمىسىدىن باشقا خۇسۇسىيلارنىڭمۇ جۇغلانمىسى بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ خۇسۇسىي جۇغلانمىسى — ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى قامدىغاندىن كېيىنكى قوشۇمچە مەھسۇلات بولۇپ، بۇ، ئاساسەن ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىدىغان ئاز مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت. ئەمگەك كۈچى ئاللىقاچان تاۋار بولمىغاچقا، پۇل — پۇل كاپىتالغا ئايلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ خۇسۇسىي جۇغلانمىسى كاپىتال جۇغلانمىسىغا ئايلانمايدۇ. دۆلەت جۇغلانمىسى، كوللېكتىپ جۇغلانما مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئەھۋالدا، سىياسەت يول قويىدىغان دائىرە ئىچىدە، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ مۇۋاپىق خۇسۇسىي جۇغلانمىسىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك. رايونىمىزدا دېھقان - چارۋىچىلار نوپۇسنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ، خۇسۇسىي جۇغلانما دېگىنىمىز ئالدى بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، بىر قىسىم دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئالدى بىلەن باي بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، پەقەت يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىسىلا ۋە ئىشچى ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمىسىلا، بۇ خىل جۇغلانمىنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر نەچچە تۈرلۈك مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن باشقا، رايونىمىزدا جۇڭگو - چەتئەل بىرلەشمە مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار بارلىققا كەلدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ئەمگەكچىلىرى ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمى مەملىكەت سىرتىدىكى كاپىتالىستلارنىڭ جۇغلانمىسى بولىدۇ. بۇ كارخانىلار سىناق تەرىقىسىدە باشقۇرۇلىۋاتقا. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى مۇھاكىمىگە قالدۇرۇلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، رايونىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى جۇغلانمىسىدا نەتىجە ناھايىتى ور، جۇغلانما كۆلىمىمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن. ئۆتمۈشتە «سول» يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ اشىلىسىدىن جۇغلانما تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، جۇغلانما نىسبىتى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن ولغا مېڭىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئاساسەن، جۇغلانمىنى كۆپلەپ ئاشۇرۇش ارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئەمەس، بەلكى ھازىر بار بولغان جۇغلانمىنىڭ ولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دائىرىنى ئاساس قىلىشنى مەزمۇننى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىشىمىز ېرەك. رايونىمىزنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، پەقەت تۇراقلىق مۈلۈك بىلەن كۆچمە ۈلۈك نىسبىتى ياخشى تەڭشەلسە، ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى بىلەن غەيرى ىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق ھەل قىلىنسا، تۇراقلىق ۈلۈك بىلەن كۆچمە مۈلۈكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ نىسبىتى بىر تۇتاش ورۇنلاشتۇرۇلسا، دۆلەت جۇغلانمىسى، كوللېكتىپ جۇغلانما ۋە خۇسۇسىلار جۇغلانمىسىدىن ىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى توغرى ھەل قىلىنسا، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ مۇۋاپىق ۇغلانما قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىنسىلا، جۇغلانمىدا ئازراق كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا مۇقىم ئۆسۈش ۈرئىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئابدۇللا مەھەممەت تەرجىمىسى

# قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## 1

مەلۇمكى، ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەم ئىككى نەرسىگە، يەنى پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ۋە پىكىرنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشىش قانداقتۇ تەسادىپىي ئەمەس، بەلكى ياشاش تەقەززاسىدىن باشلانغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىلا ئەمەلگە ئاشتى. ئەمگەك — ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان بىر خىل پائالىيەت جەريانى بولغانلىقتىن، ئىنسانلار بۇ جەرياننى ئۆز پائالىيىتى بىلەن ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، يەنى پىكىرلىشىش قورالىغا مۇھتاج ئىدى. شۇنداق قىلىپ، "پىكىرنىڭ توغرىدىن-توغرى رېياللىقى" (ماركس) ۋە "ئالاقە قورالى" بولغان تىل كېلىپ چىقتى.

تىل پىكىر بىلەن بىللە پەيدا بولۇپ، بىللە ئۆستى ۋە بىللە راۋاجلاندى. شۇڭا، "تىل بىلەن پىكىرنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە..... تىلمۇ پىكىرگە ئوخشاشلا مەلۇم ئېھتىياج يۈزىسىدىن، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش ئېھتىياجى يۈزىسىدىنلا ۋۇجۇتقا كەلگەن" (ماركس). دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بولمىغان، بولسا تىلمۇ ۋۇجۇتقا كېلەلمەس ئىدى؛ تىل تەبىئەت ھادىسىسى بولماستىن، نوقۇل جەمئىيەت ھادىسىسى بولغانلىقتىن، پەقەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان، يۈكسەلگەن ۋە تاكامۇللاشقان؛ يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتى بولمىغان بولسا، تىلنىڭ تەرەققىي قىلىپ، تاكامۇللىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى

تىل ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدە پەقەت كوللېكتىپ ئۈچۈن ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان بولسا، ئۇرۇغلار، قەبىلىلەر، خەلق (narodnost) ۋە مىللەتلەر كېلىپ چىققاندا، شۇ ئۇرۇغ، شۇ قەبىلە، شۇ خەلق ۋە شۇ مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۈچۈن ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. كۆپ ھاللاردا، دىيالېكت ياكى مەھەللىي شېۋىلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا

* بۇ ماقالىنى ئاپتور 1980 - يىلى 11 - ۋە 12 - ئايلاردا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تۈركىي تىللار توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزلىگەن لېكسىيىگە ئاساسەن، ئۆزى قىسقارتىپ رەتلەپ چىقتى.

نماي، بۇ خىل ئومۇمىي تىل ھەممىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ، بارا - بارا شۇ تىلنىڭ ئىگىسى لغان خەلق ياكى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئورتاق تىلى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، قەبىلە، لق ياكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى شەكىللىپ چىقتى. ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي تىل گەن نېمە؟

ئەدەبىي تىل — ئومۇمەن ئېيتقاندا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تىلدۇر، ياكى شۇ تىلنىڭ گىسى ھېساپلانغان خەلققە ئورتاق بولغان تىلنىڭ ئىشلەنگەن، يەنى قېلىپلاشقان (ستاندارتلىق) شەكلى مەكتۇر. ئەدەبىي تىلنى كەڭ ۋە تار مەنىلىرى بويىچە چۈشىنىش مۇمكىن. كەڭ مەنىدىن ئېيت دا، ئەدەبىي تىل، بىر تەرەپتىن، بارلىق رەسمىي ھۆججەتلەرگە (دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەت رىگە)، ئەدەبىيات، دىن، ئىلىم - پەن ساھاسىگە خىزمەت قىلىدىغان يېزىق تىلىنى ئۆز ئىچىگە ىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار نىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىل — شۇ خەلق ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق تىلىنى، بولۇپمۇ خەلق مىسىنىڭ جانلىق تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلى مەكتۇر. دېمەك، ئەدەبىي تىل بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشۋاتقان دەۋردە مەلۇم ئەدىبلەر تەرى دىن ئىشلىنىپ چىققان مىللىي تىل بولۇپ، ئۇ، ئېغىز ياكى يېزىقتا شۇ مىللەتنىڭ مەدەنى ياتى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ.

## 2

ھەر مىللەت ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى شۇ مىللەتنىڭ پۈتۈن تارىخى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات رىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. مەلۇمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات رىخى ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، يەنى يېزىق پەيدا بولۇشتىن رۇنقى ئەدەبىي ئىجادىيەت دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرىنىمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاشقا توغرى كېلىدۇ. بۇنىڭ چۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داستانلار دەۋرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا، «ئوغۇزنامە» (ئوغۇزخان ەققىدە قىسسە) ۋە «ئالىپ ئەرتوڭا» قاتارلىق داستانلارنى دېلىل كەلتۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ.

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، ناھا- تى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلقىمىز ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا، بەغىردىن - بوغۇنغا كۆچۈپ، ەڭ تارقىلىپ كەلگەن ۋە تەدرىجىي تولۇقلانغان قەھرىمانلىق داستانىدۇر. بۇ داستاننىڭ بىزنىڭ مانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى نۇسخىسى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپاندا قەدىمقى ئۇيغۇر ىزىقى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا ھازىر پارىژ مىللىي كۈتۈپخا- سىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقىرى، ئوبۇلغازى باھاتۇرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ىتاۋىدىمۇ، بۇ داستاننىڭ بەزى قىسىملىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ قاچان ۋە كىملەر تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئېنىقلاش، ئەلۋەتتە، قىيىن مەسىلە، لېكىن، داستان قەھرىمانى ئوغۇزخاننىڭ تەسۋىرىدە "كوك يايلىلىق ئەركەك بورى"نىڭ "تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى" سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشى، ئوغۇزخاننىڭ "كوك بورى بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن" دەپ ئېلان قىلىشى بۇ داستاننىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر توتېمغا ئېتىقات قىلىۋاتقان دەۋردە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەلۇمكى، توتېمىزىم (توتېمغا ئېتىقات قىلىش) — دەسلەپكى ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقات بولۇپ، مەلۇم ھايۋانغا چوقۇنۇش ياكى ئۇنى ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. شۇڭا، قەدىمقى زامانلاردا بەزى مىللەتلەر ئەۋدىھا، ئېيىق، كالا، بۈركۈت قاتارلىقلارنى توتېم ھېساپلاپ كەلگىنىدەك، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرمۇ بۆرىنى ئۆزىگە توتېم ھېساپلايتتى (بۆرىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىدە ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقان بىر ئادەت). شۇنىڭدەك، داستاندا شامانىزىم (شامان دىنى) غا دائىر ئېپىزوتلارنىڭ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقى، ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ شامان مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزگەنلىكى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقىدىن، داستاننىڭمۇ شامان دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋردە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ (شامان ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان پېرىخونلۇق ياكى باخشىلىقنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم). ھالبۇكى، شامان دىنى باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باشلانغان چاغلاردا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمقى دىن ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرى، ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەرنىڭ تارىختىكى پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى، ئۇيغۇر، قاڭقىل، قارلۇق، قالاچ، قىپچاق دېگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ توغرىدىن - توغرى ئوغۇزخانغا باغلىنىشى بۇ داستان تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مۇشۇ داستاندا بىر مۇنچە قەدىمقى مىف، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇشى داستان يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خېلى راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ داستاننىڭ مەزمۇن، سيۇژېت جەھەتتىن باي ۋە ئىخچاملىقى، تىل جەھەتتىكى پاساھەتلىكى ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىگە دېلىلدۇر. گېرمانىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس ئا. ۋ. گابائىننىڭ بۇ داستان ھەققىدىكى مۇنۇ باھاسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: "ئوغۇزخان داستانىنىڭ (ئەسلى نۇسخا بويىچە) سۈرەتكە ئېلىنىپ ساقلىنىپ قالغانلىقى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەختلىك بىر ئىش بولغان. بۇ، مۇنداقلا ئوقۇپ قويسا بولىدىغان ئاددى ئەسەرلەردىن ئەمەس، بۇ كىتاپتا ئۇچرايدىغان يۈكسەك دەرىجىدىكى قاپىيىلىك مىسرالار ۋە بىر مۇنچە ئوبرازلىق سۆزلەر كىشىنى شۇ قەدەر مەپتۇن قىلىدۇكى، بەزى سۆزلەر خۇددى رىتىم

www.uyghurkitap.com

ۋە مۇزىكىلىق ناخشىلاردەك يېقىملىقتۇر".①

«ئالپ ئەرتوڭا» داستانى — ئۇلۇق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن، «ئالپ ئەرتوڭا» داستانىنىڭ پارچىلىرى، سان جەھەتتىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تاكامىللىشىشىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ پارچىلار — «ئالپ ئەر توڭا» (قەھرىمان توڭا) ناملىق بىر قەھرىماننىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيەلەر بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرى بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈنلا ئۇلارنى مىسال كەلتۈرگەن ۋە «ئالپ ئەرتوڭا» دىگەن ئ نى ئەرەپچىگە «ئافراسىياپ» دەپ ئىزاھلىغان. دىمەك، «ئالپ ئەر توڭا» ئۇلۇق پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدا تەسۋىرلەنگەن مەشھۇر قەھرىمان ئافراسىياپتۇر. شۇنىڭدەك، مەھمۇت قەشقەرى يەنە، «قەشقەر» دىگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا، قەشقەرنىڭ قەدىمقى نامى "ئوردۇ (ئوردا) كەنت" يەنى خانلار تۇرىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، "بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئوبدان بولغىنى ئۈچۈن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇراتتى"① دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، "دىۋان" دا "ئافراسىياپ" دىگەن ئىسىم 20 نەچچە ئورۇندا تەكرارلانغان. «قۇتاتقۇ بىلىك» تىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بار. مەسىلەن:

بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگىلىك،
توڭا ئالپ ئەر ئەردى قاتى بەلگىلىك.
تاجىكلار ئايۇر ئانى ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

ئافراسىياپ كىم؟ «شاھنامە» دىكى ۋەقەلەرگە قارىغاندا، ئىراننىڭ 4 - سۇلالىسى بولغان ساسانىيلار (مىلادى 3 - 7 ئەسىرلەر) دەۋرىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا (ئىرانلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن موڭغۇلىيىگىچە بولغان كەڭ زىمىننى "تۇران" دەپ ئاتايتتى) ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق جەڭلەر بولغان. ئافراسىياپ "تۇران" ئېلىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ئىران شاھلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلغان ۋە بۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە ھالاك بولغان. تۆۋەندىكى تارىخىي مەلۇماتلار مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ بېرىدۇ: "تۈركلەرنىڭ ساسانىيلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى ئىرانلىقلار ئۈچۈن بىر مىللىي داستان تەشكىل قىلدى ۋە نەتىجىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلاردىن بەھس قىلىدىغان «شاھنامە» مەيدانغا كەلدى"②. "ساسانىيلار دەۋرىدە ئىرانلىقلار رۇما ۋە ۋىزانتىيە بىلەن، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن قەبىلىلەر بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشقان".③ دىمەك، «ئالپ ئەرتوڭا» ھەققىدىكى مەدھىيە ۋە مەرسىيەلەر بۈگۈنكى كۈندىن

① ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، خەنزۇ يېزىقىدىكى فوتو نۇسخا.
① مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فوتو نۇسخا، 74 - بەت.
② تەخمەت رەپىق: «بۈيۈك تارىخ ئومۇمى»، 4 — جىلد، 273 - بەت.
③ «بۈيۈك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيە لۇغىتى»، 2156 - بەت.

ناھايىتى ئۇزاق بىر زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. بۇ پارچىلارنىڭ تىلىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

ئالپ ئەر تونگا ئۆلدىمۇ،
ئېيسىز④ ئاژۇن⑤ قالدىمۇ.
ئۆزلەك⑥ ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

«دىۋان» دا يەنە شۇنداق قوشاقلارمۇ باركى، بۇ قوشاقلار بىزنى توغرىدىن - توغرى دەسلەپكى ئۇرۇغچىلىق جەمىيىتىگە باشلاپ بارىدۇ. مەسىلەن:

يىگىتلەرنىگ ئىشلەتۇ،
ياغاچ يىمىش ئىرغاتۇ.
قۇلان - كىيىك ئاۋلاتۇ،
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.

چاغىر بىرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىن چىشلەتۇ.
تونگۇز - تۇلكە تاشلاتۇ،
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.

يىگىتلەرنى يىمىش ئىرغىتىشقا بۇيرۇپ، قۇلان - كىيىكلەرنى ئوۋلاپ ياكى قارچىغا قۇشلاپ، تايغان بىلەن قوغلاپ، تونگۇز - تۇلكىلەرنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىدىغان زامانلارنىڭ قايسى زامان ئىكەنلىكى ئۆزلىگىدىن مەلۇم.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇنداق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى — داستان ۋە قوشاقلار قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەقەدەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ئۆگىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3

يېزىق يارىتىلغاندىن كېيىن، ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى يېڭى بىر

④ ئېيسىز — يامان، ۋاپاسىز.
⑤ ئاژۇن — دۇنيا.
⑥ ئۆزلەك — پەلەك ياكى زامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باسقۇچقا كىردى. ھوكۇمەت ھوججەتلىرى، دىن، پەلسەپە، پەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەرگە خىزمەت قىلىدىغان يازما ئەدەبىياتتىن تاشقىرى، كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تىلىنى ئاساس قىلغان يازما بەدىئى ئەدەبىياتمۇ ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، ئەدەبىي تىل تەرەققىياتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ، ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللار ئۇيغۇرلاردا مىلادى 2 - ئەسىردىن باشلاپ يېزىق پەيدا بولغانلىقىدىن، 4 - 5 ئەسىرلەردىن باشلاپ بەدىئى يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئورخۇن ۋە يېنسەي دەريالىرى ۋادىسىدا ياشىغان چاغلىرىدا، دەسلەپ تۈرك - رۇنى يېزىقىنى، يەنى ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن «ئورخۇن يېزىقى» دەپ ئاتالغان يېزىقنى ئىشلەتكەن؛ بۇ يېزىقتا دولەت ۋە جەمىيەت پائالىيەتلىرىدىن تاشقىرى، بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرگەن. «تونيۇقوق»، «كول تېكىن»، «بىلگە قاغان» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلار بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

«تونيۇقوق» مەڭگۈ تېشى — 6 - ئەسىردە ھازىرقى موڭغۇلىيە يايلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى قۇتلۇغ بىلگە قاغاننىڭ باش ۋەزىرى تونيۇقۇق تەرىپىدىن مىلادى 712 — 716 يىللىرى تاشقا ئويدۇرۇپ تەييارلانغان ۋە بۇ تاش ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەۋرى بېشىغا ئورنىتىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشتا تونيۇقۇقنىڭ قۇتلۇغ بىلگە قاغان بىلەن قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرى، كورسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن، كوپ قىسمى بولسا، قاپىيىلىك دىئالوگلار بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن.

«كول تېكىن» ۋە «بىلگە قاغان» مەڭگۈ تاشلىرى قۇتلۇغ بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى ياللىغ تېكىن تەرىپىدىن مىلادى 732 - 735 يىللىرى خەنزۇ ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن كوك مەرمەر تاشقا ئويدۇرۇپ ئورنىتىلغان. ھەر ئىككى مەڭگۈ تاشتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ شۈەنزۇڭ تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىرىلەرمۇ بار. بۇ مەڭگۈ تاشلاردا، ھەربى قوماندان كول تېكىن بىلەن بىلگە قاغاننىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە كورسەتكەن خىزمەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەڭگۈ تاشلارمۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بەدىئى تىل ۋاستىلىرى خېلى كەڭ قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇلارنى شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر دېيىشكە، بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى يازغانلارنى شۇ دەۋرنىڭ شائىر - ئەدىپلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

بىر ئىككى مىسال:

"ياغىمىز نەگىرە ئۇچچىزقتەگ ئەرتى" («تونيۇقوق»)

(دۈشمىنىمىز ئۇچار قۇشلاردەك كوپ ئىدى).

"يۇپقا ئەرىگلىگ تۇپلاغالى ئۇچۇز ئەرمىس، يىنچگە ئەرىگلىگ ئۇزگەلى تۇچۇز؛ يۇپقا قالىن بولسار، تۇپلىغۇلۇق ئالپ ئەرمىس؛ يىنچگە يوغان بولسار، ئۇزگۈلۈك ئالپ ئەرمىس..." («تونيۇقوق»)

(يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى ئۈزۈش ئاسان؛ يۇپقا نەرسە قېلىن بولۇپ

قالسا، ئۇنى ئىگىش تەس؛ ئىنچىكە نەرسە يوغان بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۈزۈش تەس).

"تەڭرى كۈچ بېرتۈك ئۈچۈن، قاڭىم قاغان سۈسى بورىتەگ ئەرمىس، ياغىسى قونتەك ئەرمىس" («كۈل تېكىن»)

(تەڭرى كۈچ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام قاغاننىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك بولۇپ قالدى).

"باشلىغ يۈكۈندۈرتۈم، تىزلىگ سوكۇرتۇم. ئۈزە تەڭرى ئاسرا، يېريارلىقا دۇق ئۈچۈن" («بىلگە قاغان»)

(بېشى بارنى يۈكۈندۈردۈم، تىزى بارنى تىز چۆكتۈردۈم. ئۈستۈمدە تەڭرى، ئاستىمدا يەر قوللىغىنى ئۈچۈن).

ئۇيغۇرلار كېيىنچە بۇ يېزىقنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئىلغارراق بىر خىل يېزىق ئىجات قىلدى ۋە بۇ يېزىق «ئۇيغۇر يېزىقى» (回鹘文) دەپ ئاتالدى. قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسى مەركىزى موڭغۇلىيىدىكى قارا بالغاسۇن شەھىرىدىن ھازىرقى تۇرپاندىكى قارا قوجو (ئىدىقۇت) شەھرىگە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. مەشھۇر جۇڭگو سەيياھى ۋاڭ يەندېنىڭ ئېيتىشىچە: "10 - ئەسىردىكى قارا قوجودىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پاشالىقتىن نەمۇنىلىنىدىغان مەخسۇس مۇئەللىملەر بار ئىدى...... ئۇيغۇرلار شېر - قوشاق يېزىشقا ناھايىتى ھەۋەسلىك كېلىدۇ، ئۆز يېزىقلىرىنى ئادەبىي ئەسەرلەر يېزىشتا ئىشلەتكەندەك، كۈندىلىك ھاجەتلىرىگىمۇ ئىشلىتىدۇ. راھىبلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتابلار بەك كۆپ" ①.

بۇ ھەقتە تارىخچى نەجىپ ئاسىم مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يېزىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا، تۈركى قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. ئىسلامىيەت يېيىلىپ، تاكى ھىجرى 9 - ئەسىرگىچە (مىلادى 14 - ئەسىرگىچە) ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ھەتتا تۆمۈر دەۋرىدە ئۇيغۇرچىغا تەقلىدەن «دىۋان خېتى» (ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا ئىشلىتىدىغان خەت) دەپ ئاتالغان بىر خىل يېڭى يېزىقمۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر يېزىقى تۆمۈردىن خېلى كېيىنگىچە قوللىنىلغان. ۋامبېرى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدىن ئېلىپ كېتىلگەن قۇتادغۇبىلىك نۇسخىسى بىلەن ئاياسوفىيە كۈتۈپخانىسىدىكى بەزى بىر نەزمىي ئەسەرنىڭ ئەينەن شۇ تارىختا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىكى بۇنىڭغا دەلىلدۇر." ②

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مىلادى 9 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرى بىرلا ۋاقىتتا دىگىدەك ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، يەنى شەرقتە تۇرپاننى مەركەز قىلغان قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن غەربتە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، قارا قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قارا خانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. رۇس ئالىملىرىدىن رادلوف، بارتولد،

① ۋاڭ يەندى: «ئەلچىنىڭ ئىدىقۇت خاتىرىلىرى»

② نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 260 - بەت.

www.uyghurkitap.com

بىر گۇرۇھ گىرجىمايىلولار بىلەن زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىككى خانلىق بەزىدە بىرى-بىرىگە، يەنى قارا خانىيلار قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىتائەت قىلىپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئايرىم ياشىغان بولۇپ ياشىغان. قارا خانىلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايرىملىق تېخىمۇ روشەنلەشكەن.

مانا شۇ دەۋردە قارا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتلىرىلا بولۇپ قالماي، بەلكى بۇددا تەرغىباتچىسىمۇ بولۇپ قالغان. بۇددا دىنى مىلادىدىن كېيىنكى 1 - ۋە 2 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ھىندىستاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئۇيەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا باشلىدى. مىلادى 5 - ۋە 7 8 - ئەسىرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا ساياھەت قىلغان شۈەنجۇاڭ ۋە خۇيچاۋلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇددا دىنى ئالاھىدە راۋاجلانغان، بولۇپمۇ قارا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. نەتىجىدە، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا كەڭ تۈردە سىڭىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، سانسكرىت، تىبەت، خەنزۇ ۋە توخار تىللىرىدىن بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. يېڭى بىر ئەدەبىي ئېقىم مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى

قارا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي پائالىيىتى ئاساسەن تەرجىمە ئەدەبىياتى بولۇپ، بۇنىڭغا «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

«ئالتۇن يارۇق» (تولۇق ئاتىلىشى: ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىك. يەنى ئالتۇن نۇر چېچىپ، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان شاھ ئەسەر) بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە ھېكايىلىرى بايان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولۇپ، ئۇنى 10 — ئەسىردە بەشبالىق (جىمسار) لىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ دېگەن بىر ئۇيغۇر ئالىمى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەر بولغان بۇ كىتاب قەدىمقى، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر بۇ كىتابنىڭ سانسكرىت، تىبەت ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، ئەمما 1909—1911 يىللىرى رۇس ئالىمى س. ئې. مالوف تەرىپىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدە سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋاڭفۇگۇ (ياكى ۋاڭشىگۇ) يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ھەممىدىن مۇكەممەل. بۇ نۇسخا 1913—1917 يىللىرى رادلوف ۋە مالوفلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«چاشتانى ئىلىك بەگ» بۇددا رىۋايەتلىرىگە دائىر بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە توخار تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدا، چاش-

ثانى ئېلىك بېگ دېگەن بىر قەھرىمان شەخس ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، ياۋۇز جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلقنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن قۇتقۇزغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ بىر ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھېكايە ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بەدىئى ۋاستىلار ۋە گۈزەل تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى، ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال. بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى 1913—1914 يىللىرى گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق ئارخېولوگىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «بۇددا نوملىرى توپلىمى» (26 - جىلد) غا كىرگۈزۈلگەن.

«شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1930 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلغان)، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» (1907 - 1909 - يىللىرى دۈنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان) قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ ئەدەبىي تەرجىمە نەمۇنىلىرى ئىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك، سانسكرىت، تىبەت، توخار ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن شۇ قاتارلىق دىنىي، پەلسەپىۋى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن تىبابەت، ئىجتىمائى ئىقتىساتقا دائىر ھۆججەتلەر ۋە ھوقۇق ۋەسىقىلىرىگە ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىغى قارا قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ خېلى دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىگىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، شۇ زامانىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتتىن باي ھەم پىششىق تىل ئىكەنلىگىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامىللىشىش جەھەتلەردە بىر قەدەر يۇقۇرى باسقۇچقا يەتكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4

قارا خانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەھۋال تېخىمۇ باشقىچە بولدى. قارا خانىيلار سۇلالىسى مىلادى 10 - ئەسىردىن باشلاپ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بولۇپمۇ مەشھۇر "يىپەك يولى" ئوتتۇرا لىنىيىسىنىڭ قەشقەرنى، شىمالىي لىنىيىسىنىڭ بالاساغۇن بىلەن بارسغاننى تۈگۈن قىلىشى، يەنى ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا بىلەن شەرقىي ئاسىيانى بىر-بىرىگە باغلايدىغان قۇرۇقلۇق يولىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدىن ئۆتۈشى — مانا بۇ ئامىللار قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ مەدەنى ھاياتىنى يۈكسەلدۈرۈشىگىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. قارا خانىيلار سۇلالىسى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەپ - ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشۇش، ئەرەپلەردە توپلانغان دۇنياۋى ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە، قارا خانىيلار سۇلالىسى 11 - ئەسىرگە يەتكەندە، ئۆز

www.uyghurkitap.com

دەۋرى ئۈچۈن ئەڭ روناق تاپقان ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولغان بىر سۇلالە بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەيدانغا كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قانداقتۇ پەۋقۇلئاددىلىققا ئىگە ئەقىل - پاراسەتنىڭ تاسادىپى مېۋىسى بولماستىن، بەلكى سىياسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغان پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ماددى ئاساسلار ۋە ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا توپلانغان مەدەنى مىراسلار، بولۇپمۇ ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە تىل بايلىقلىرى، ئەدەبىي تىلنىڭ تەدرىجى شەكىللىنىش ھەم راۋاجلىنىش جەريانى بولمىغان بولسا، مۇنداق شاھ ئەسەرلەرنى يارىتقۇچى پەيلاسوپ، شائىر ۋە ئالىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغماس ئىدى. قىسقىسى، ئەبۇناسىر فارابى، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقىرىدەك ئۇلۇغ سىمالار مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى. يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەبۇناسىر فارابى ئارىستوتىلنىڭ، ئىبنى سىنا ئەبۇناسىر فارابىنىڭ شاگىرتى بولغىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ تۇغرىدىن - توغرى ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئىبنى سىنانىڭ شاگىرتى بولغانلىقىنى ھەققىدە بىر مۇنچە ئالىملار ئوخشاش بىر قاراشقا كەلگەن. پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ بۇ قاراشلارنى «دىققەتكە ئەرزىيدۇ» ① دېگەن. مەھمۇت قەشقىرىنى بولسا، جاھان تۈركولوگلىرى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ بوۋىسى، تۈركولوگىيىنىڭ ئاساسچىسى دەپ، سۆزلىرىگە ئۇستاز ھېساپلىغان.

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنە شۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە، مەھمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك جاھانشۇمۇل ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر شائىرلار دەۋرىدە، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەك شاھ ئەسەرلەر يارىتىلغان دەۋردە ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاكامۇللاشتى. نەجىپ ئاسىمنىڭ تەتقىقاتى بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ساپ ئۇيغۇرچە بولۇپ، 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئى ئىپادىسى ئىدى. ① دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى تەتقىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ تىلنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكلىرى ۋە ئىنچىكىلىكلىرى ئەنە شۇ ئەسەردە ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن» دەيدۇ. ② چۈنكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەپەككۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ كىتابنى يېزىشتا ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان توپلانغان تىل بايلىقلىرىدىن، خەلق ئارىسىدىكى ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن، خەلق تىلىدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش ۋە كىنايىلەردىن، ئومۇمەن جانلىق تىل ۋاستىلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغاندىن تاشقىرى، خەلق تىلىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەپ، قېلىپلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. مەسىلەن:

---

① فۇئات كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1926 - يىل ئىستانبۇل نەشرى. 199 - 198 بەتلەر.
① نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 260 - بەت.
② رەشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە مۇقەددىمە، 27 - بەت.

تاتىغ ئەردى بارچە يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلادى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم. ③

×

بودۇم ئەردى ئوقتەك كۆكۈل ئەردى يا.
كۆكۈل قىلغۇ ئوقتەك، بودۇم بولدى يا. ④

×

سۆزۈڭنى كۆزەزگىل باشىڭ بارماسۇن،
تىلىڭنى كۆزەزگىل تىشىڭ سىنماسۇن. ⑤

ئۇلار قۇش ئۈنۈن تۈزدى ئۈندەر ئەشىن،
سىلىگ قىز ئوقۇرتەگ كۆكۈل بەرمىشىن ①

شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، بەزى چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىل جەھەتتە جەزىبىسى كامراق ئەسەر، دېگەن پىكرىگە قارشى، بۇ داستاننىڭ شېرىي تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن بەدىي ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى، شۇ دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا يۈكسەك ماھارەت نامايەندىسىدۇر. مەسلەن، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ زۇلمەت توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇنى ئېرىدىن تۈل قالغان خوتۇننىڭ قارىلىق ئۈچۈن كەيگەن مۇسىبەت كىيىمىگە ياكى ئالۋاستىنىڭ خۇنۇك يۈزىگە ئوخشىتىدۇ؛ بۇنىڭغا قارشى يورۇقلۇق توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇنى ئېسىل گوھەرنىڭ جىلۋىسىگە ياكى باھاردا كېلىدىغان ئاققۇلارنىڭ قانىتىغا، «ئالەم پەرىشتىسىنىڭ چېھرىسىدىكى خۇش تەبەسسۇم» غا ۋە ياكى «يۈز ئاچقۇ كۈنىدىكى كېلىن» گە ئوخشىتىدۇ. جەڭگە كىرگەن قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلىگەندە، «ئۆزىنى خۇددى يېڭى ئويلەنگەن يىگىتتەك تۇيىدۇ» دەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىنى قانداقسىگە «جەزىبىسى كامراق» دېگىلى بولسۇن!

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن زاماندىش بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تىلىغا كەلسەك، ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىلنىڭ دەل ئۆزى ۋە تېخىمۇ سېستىمىلاشقان

③ يىگىتلىك ۋاقتىمدا ھەممە ئىشلىرىم تاتلىق (لەززەتلىك) ئىدى. ئەمدى (بۇقېرىلىق) مېنىڭ يەيدىغان ئېشىمنى ئاغۇ(زەھەر) قىلدى.

④ بويۇم ئوقيانىڭ ئۇ قىدەك تۈزچاغدا (يىگىتلىك ۋاقتىمدا) كۆڭلۈم يادەك ئەگرى ئىدى كۆڭۈلنى(تۈزلەپ) ئوقتەك قىلغىچە، بويۇم يادەك ئېگىلىپ بولدى.

⑤ (ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان) سۆزۈڭگە ئىگە بول، يەنى ئۇنى كۆزەت، بېشىڭ كېتىپ قالمىسۇن. تىلىڭنى كۆزەت، تىشىڭ سۇنمىسۇن، يەنى گەپنى بايقاپ قىل.

① ئۇلار (ئۇلاي) قۇش ئۈز جۈپتىنى (ھەمرايىنى) قىچقىرىپ سايرىدى، (خۇددى) چىرايلىق بىر نازىنىن قىز ئۆز سۆيۈملۈكىنى قىچقىرغاندەك.

www.uyghurkitap.com

ەكلىدۇر. چۈنكى «دىۋان» 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن جانلىق خەلق
لىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن گەۋدىسىدۇر. ئۇلۇق ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتا نور-
ل ئەدەبىي تىلنى، يەنى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى
ساس قىلدى. بۇنىڭغا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆز سۆزى دەلىلدۇركى، مەھمۇت قەشقىرى بىرمۇنچە
ركى قەبىلىلەرنىڭ تىلى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ تىللار ئىچىدە «ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل
اقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ» دىگەن②. خاقانىيە تىلى بولسا، «توققۇز ئۇيغۇر»
كى «ئۇيغۇر - قارلوق» تىلى دىمەكتۇر. ئۆزبەك ئالىمى پروفېسسور فىترەتمۇ بۇ پىكىرنى ئالغا سۈ-
ۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇت قەشقىرىگە بىنائەن، ھىجرى بەشىنچى ئەسىردە تۈرك تىلى ئانچە -
ۈنچە قەبىلىۋى ئايرىمىلارغا قارىماي، ئاساسەن ئىككى مۇھىم قولغا ئايرىلغان: بىرىنچىسى — ئوغۇز
ركچىسى، ئىككىنچىسى — يالغۇز تۈركچى ياكى خاقانىيە تۈركچىسىمۇ دىيىلىدۇ. مەھمۇت قەش-
رى «دىۋان»دائەنە شۇ خاقانىيە تۈركچىسىنى ئاساس قىلىپ ئالغان - دە، جايى كەلگەچ، ئوغۇزچە
وزلەرنى كورسىتىپ، ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ تەسنىپى بۆگۈنكى كۈندىمۇ ئاساس قىلىپ
لىنىشى زورۇر.»① دوكتۇر زەكى ۋەلىدى توغان: «ئۇيغۇرلار تۈركلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىگىرەك،
دىنىيەتتىمۇ يۇقۇرىراق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىللىرى باشقا تۈركلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل
لۇپ خىزمەت قىلاتتى»② دەپ، شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دىمەك، 11 - ئەسىرگە يەتكەندە، يەنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتاتقۇبىلىك»
ەيدانغا كەلگەن دەۋردە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىر قەدەر تاكامىللىشىپ بىرمۇنچە تۈركى
بىلىلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ
ەمىدىن كوزگە كورۇنەرلىك ئالاھىدىلىگى شۇ ئىدىكى، ئۇ قەدىمقى كوك تۈرك دەۋرىدىكى، يەنى
ىرخۇن مەڭگۈ تاشلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىي تىلىنىڭ
ۋامى، راۋاجى ۋە مۇجەسسەملەشكەن شەكلى ئىدى. بۇ چاققا يەتكەندە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا
ەھەتتىن ئالاھىدە بېيىپ، گراماتىكا جەھەتتىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلىشىپلا قالماستىن، فونېتىكا
ەھەتتىمۇ تاكامىللاشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىن سوزلەرنىڭ
ھاڭداشلىق قانۇنىغا، مەسلەن، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا دائىر بىر- ئىككى
سال كەلتۈرۈش كۇپايە.

ئانىنا — ئاندا

ئول سۈگ ئانىنا يوققىشتىمىز («كول تېكىن»)
(ئۇقۇشۇننى ئاندا يوقاتتۇق)

---

② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فوتو نۇسقىسى، 25 - بەت.
① فىترەت: «ئەڭ كونا تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى»، 4 - بەت.
② زەكى ۋەلىدى توغان: «تۈرك - تاتار تارىخى»، 26 - بەت.

ياي ئانتا يايلادىم («مويۇنچۇر» مەشگۇ تېشى)
(يازلىقى ئاندا يايلىدىم)
ئانتا ئايغۇچى يەما بەن - ئوكوك ئەرتىم («تۇنيوقۇق»)
(ئاندا مەسلىھەتچى مەن بولغان ئىدىم)
قىلىچ قايدا ئەرسە كومۇش ئاندا («قۇتاتقۇبىلىك»)

× ×

ئانتاغ — ئانداغ

ئانتاغ كۇلۇك قاغان ئەرمىش («كول تېكىن»)
(ئانداغ مەشھۇر قاغان ئىمىش)
كوروگ سابى ئانتاغ («تۇنيوقۇق»)
(خەۋەرچىنىڭ سوزى ئانداغ)
ئول ماڭا ئانتاغ تەيدى («دىۋان»)
(ئۇ ماڭا ئانداغ دېدى)
نەگۇ تەگ قىلىنسا سەن ئانداغ قىلىن («قۇتاتقۇبىلىك»)
(ئۇ قانداق قىلسا، سەن شۇنداق قىل)

× ×

ئامتى — ئەمدى

ئەلىم ئامتى قانى («كول تېكىن»)
(ئەمدى ئېلىم قېنى)
ئامتى ئولتىم («سۇجى» مەڭگۇ تېشى)
(ئەمدى ئولدۇم)
ئەمتى بىر ئىكىنتىكە... («چاشتانى ئىلىك بەگ»)
(ئەمدى بىرى ئىككىنچىسىگە...)

مەيلى فونېتىكا جەھەتتىن ۋە مەيلى گراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن، مۇنداق مىساللارنى كوپلەپ كەلتۇرۇش مۇمكىن. بۇ ماقالىنىڭ مەقسىدى قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى ئۇنىڭغا دائىر كونكرېت مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش بولماي، پەقەت ئۇنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامىللىشىش جەريانىنىلا بىرقۇر ئەسلىتىپ ئوتۇش بولغانلىقتىن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

لەنمەكچىمەن.

(«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نىڭ شىنجاڭدا ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە يېزىلغان
ىدىمىسىدە «خاقانىيە» ئۇلكىسىدىكى مەركىزىي دىيالېكتىنىڭ، يەنى ئۇيغۇر - قارلۇق تىلىنىڭ
ۇسىيەتلىرى، ئېنىق ۋە قەيىت قىلىنغان. لازىم تېپىلسا، كىتاپخانلارنىڭ شۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى سورايمەن)

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داستانلار دەۋرىدىلا
ىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات بىلەن ئۆزىنىڭ بىر
ەر مۇكەممەللەشكەن ئىپادىسىنى تاپقان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قارا خانىيلار دەۋرىگە
لگەندە بولسا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاكامىللىشىپ، بىرمۇنچە تۈركى خەلقلەر
ۇنىمۇ ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان.

بۇ قاراشلىرىمدا خاتالىق بولسا، يولداشلارنىڭ تەنقىت بېرىپ تۈزىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## كىتاپخانلار، ئاپتورلار ۋە تەھرىرلەرگە

بۇ ژورنال شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراك-
تېرلىق، ئىلمىي خاراكتېرلىق ئىجتىمائىي پەن پەسىللىك ژورنىلى، ھەر پەسىلنىڭ ئىككىنچى ئېيىنىڭ ئوتتۇر-
لىرىدا نەشىردىن چىقىدۇ. ھەر بىر سانىنىڭ خەنزۇچە نۇسقىسى 200 مىڭ خەت ئەتراپىدا،
ئۇيغۇرچىسى 200 بەت ئەتراپىدا بولىدۇ، ھەر بىر نۇسقىسىنىڭ باھاسى 60 پۇڭ، (رايونىمىز-
نىڭ سىرتىدىكى جايلاردىن پوچتا - زاكاز ھەققى ئۈچۈن يەنە 10 پۇڭ قوشۇپ ئېلىنىدۇ.)
مۇشتىرى بولىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز. ئابونە ھەققى (مۇشتىرى بولۇش پۇلى)نى ئۈرۈمچى شەھەر
بېيجىڭ كوچىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژورنال تەھرىر بۆلۈمى (ھېساپ دەپتەر
نومىرى 26 - 3082، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى ئەرگۈك تارماق باشقارمىسى) گە
ئەۋەتىشىڭىزلەرنى سورايمىز، كېلەر يىل 2 - ئايدىن باشلاپ، شۇ جايدىكى پوچتا ئىدارىلىرى
(ئورۇنلىرى)غا بېرىپ، 3 - ساندىن كېيىنكى ھەر قايسى سانلىرىغا مۇشتىرى بولۇش رەسمىيىتىنى
بېجىرىسىڭىزلەر بولىدۇ.

(2) «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» تەھرىر گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەسلىدە بۇ
ژورنالغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلارنىڭ ھەممىسى ژورنىلىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى،
ئاپتورلارنىڭ ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىشىنى سورايمىز.

ژورنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلار سىيلىنغان كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ژورنىلىمىزنىڭ
تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىلگەنلىكى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك، ماقالىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ
قويماسلىق ئۈچۈن، تەھرىر، شەخسلەرگە ئەۋەتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

# ماقالا قوبۇل قىلىش ھەققىدە

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق ئىلمىي ژۇرنال. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپىي ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ۋە ئىشتىن سىرت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ماقالا يېزىپ تۆھپە قوشۇشىنى قىزغىن – سەمىمىي قارشى ئالىمىز. تەلىۋىمىز مۇنداق:

1 – ژۇرنىلىمىزدا مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە رايون ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، باشقا جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئەۋەتىلگەن ماقالىلارنى ئىشلىتىش-ئىشلەتمەسلىكتە ئىلمىيلىكى ئاساس قىلىنىدۇ، ساۋات خاراكتېرلىكىگىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ؛ يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ.

2 – ژۇرنىلىمىزدا پەلسەپە، سىياسىي-ئىقتىسادىيات، تارىخ، مىللەت، ئارخېئولوگىيە، دىن، تىل، مىللەتلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، قانۇنشۇناسلىق جەھەتتىكى ماقالىلار ئېلان قىلىنىدۇ. بىلىم-ساۋات خاراكتېرلىق بولغان، قىزىقتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان قىسقا ماقالىلارمۇ قارشى ئېلىنىدۇ.

3 – ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلار 15 مىڭ خەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ماقالىلار ئىخچام، قىسقا بولسا تېخىمۇ قارشى ئېلىنىدۇ.

ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلار ماقالا قەغىزىگە ئوچۇق يېزىلىشى، تىنىش بەلگىلىرى توغرى بولۇشى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىلارنىڭ ئېلىنغان ئورنى ئەسكەرتىلىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ مەنبەئى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك، ئىزاھاتى بىردەك ماقالىلارنىڭ ئاخىرىغا بېرىلىشى كېرەك.

5 – بىر ماقالىنى ئىككى ژۇرنالغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. مىخ مەتبەئەدە، شىفىگىراپتا بېسىلغان، فاكسىمىلغا ئېلىنغان ماقالىلار بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ.

6 – ئەۋەتىدىغان ماقالىلارنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىشىڭىزلەرنى سورايمىز. ماقالا ئېلان قىلىنغان ھامان، قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ

www.uyghurkitap.com

新疆社会科学

创刊号

# 目　录

创　刊　词……………………………………………本刊编辑部（1）
我的希望………………………………………………色尔汉（3）
在新疆维吾尔自治区社会科学院成立大会上的讲话………韩劲草（5）
南疆农村调查……………………………………铁木尔·达瓦买提（14）
建国以来国民经济的发展和顿挫…………………………许涤新（39）
坚持毛泽东哲学思想　发展毛泽东哲学思想……………蒋慕竹（64）
斯马义铁木尔译
新疆与比较文学研究…………………………………季羡林（79）
肉孜吐尔地译
论充分认识和正确解决历史研究中的民族向题……………谷　苞（90）
阿不拉买买提译
成吉思汗和中亚………………………………………王治来（105）
试论新疆的积累结构与积累效果向题……………………周志群（116）
肉孜吐尔地译
古代维吾尔文学语言的形成和发展…………………阿·乌铁库尔（135）
阿不拉买买提译

تەھرىر ـ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى»
تەھرىر بولۇمى
ماقالىلەرنى باسقۇچى: شىنجاڭ سىياسى ـ قانۇن كادىرلار مەكتىۋى
باسما زاۋۇتى
قىستۇرما بېتىنى باسقۇچى: شىنجاڭ گېزىتخانا باسما زاۋۇتى
مۇقاۋىنى باسقۇچى: شىنخۇا باسما زاۋۇتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com